# مىراس

قوش ئايلىق ژورنال

2001 - يىل 6 - سان

( ئومۇمىي 68 - سان )



باش مۇھەررىر:

ياسىن زىلال

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

يۇسۇپ ئىسھاق


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇنتۇلغان ھېكايە : كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى ......... ئەسەت سۇلايمان (1)

ئۇيغۇرلاردا دەپنىدىن ئىلگىرىكى پائالىيەتلەر................................ دىلمۇرات مەھمۇت (31 )

ئەپسانىۋى سان ۋە مۇقەددەس سانلار سىستېمىسى ......................................

......................... ئېرنىست كاسىرى [ گېرمانىيە] ئابدۇقادىر جالالىدىن ( ت) (54)

تىل ئىستېمالى ھەققىدە ........................................................ پەرىدە ئىمىن (66)


## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر


ھېكمەت خەزىنىسى ............................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەت (16)

مەشرەپ ھەققىدە ھېكايىلەر .................................. تەييارلىغۇچى : تاشقارى يۇسۇپ (51)


## بۈرۈننىڭ بۈرۈنىسىدا


ئالقىش ئالغان ئامان ، قارغىش ئالغان يامان....................... توپلىغۇچى : رەيھانگۈل ئىمىن (69)


## ئايدىڭ كېچىلەر


ئىنتىزار قىلما مېنى .................................................. توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (41)

خۇن قىلدىڭ يۇرەكىمنى ............................................ توپلىغۇچى : نۇرمۇھەممەت خېلىل (42)

ـبىڭ قارىسى سەندە .................................................. توپلىغۇچى : رۇزى سايىت (42)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


ـەقىقىي ئەركەك ؟.......................................................... داۋۇت ئادىل ( ت ) (61 )

## یا ئىشەن ، یا ئىشەنمە

تەبىرنامە ........................................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (47)

## كۆلكە – جان ئوزۇقى

موللا نورۇز لەتىپىلىرى ........................................ شۈكۈر يالقىن (72)
يۇمۇرلار ........................................ مۇختار تۇردى ، ئاقىل شەمشىدىن (ت) (76)

## گەپنىڭ ئىگىدە گەپ بار

مۈشۈكنىڭ «ئىنساپ» قا كېلىشى ........................................ توپلىغۇچى: تاجىگۈل (75)

## يورۇق يۇلتۇزلار

مەرىپەت پېشۋاسى – نەزەرخوجا ئابدۇ سەمەت ........................................ (78)

جاۋابكار مۇھەررىر: مۇختار مۇھەممەد

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)، ئابلىمىت سادىق (ئالىي مۇھەررىر) ، ئەھەت ھاشىم (ئالىي مۇھەررىر) ، ئەسەت سۇلايمان (دوكتور) ، ئىبراھىم مۇتىئى (تەتقىقاتچى) ، ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر) ، ياسىن زىلال (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن (تەكلىپ قىلىنغان)

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: مەرىپەت پېشۋاسى – نەزەر خوجا ئابدۇ سەمەت (ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇر

# ئۇنتۇلغان ھېكايە؛ كىچىك كۆل ۋە لوپنورلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى

ئەسەت سۇلايمان

1

بۇ يەر ئەزەلدىنلا بىر سىر ئىدى. بۇ يەردە قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ شانلىق سەھىپىلىرى يارىتىلغانىدى. ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سانسىز ئېقىنلار ئەڭ ئاخىرى تارىم دەرياسىغا يىغىلاتتى. بىرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ لۆمۈلدەپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى ئەڭ ئاخىرىدا سىرلىق لوپنۇر كۆلىگە قويۇلاتتى.

تىنىمسىز ئۇرۇن يۆتكەپ، داۋاملىق كۆچۈپ تۇرىدىغان لوپنۇر كۆلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي بۇرجىكىدە ئالاھىدە بىر جۇغراپىيىلىك رايوننى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ رايون بۈگۈنكى كۈندە سۇ



(ئۇيغۇرشۇناس سۋېن ھېدىن شۋېتسىيەدىكى كۇتۇپخانىسىدا)

مەنبەسىنىڭ كەمچىللىكى، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئازلىقى، ئىقلىمىنىڭ قۇرغاقلىقى، بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكى ۋە ئادەم ئايىغىنىڭ ئاز تەگكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنمەكتە. ۋاھالەنكى،قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ رايون تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق كارتىنىسىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇ زامانلاردا بۇ يەرنىڭ ئىقلىم شارائىتى ھازىرقىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى. كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، مول سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلاتتى - دە، لوپنۇر كۆلىنى غايەت زور سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيتتى. تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىقلار، يىراقتىن قىزىرىپ كۆرۈنىدىغان يۇلغۇنلۇقلار، شۇنىڭدەك لوپنۇر كۆلىنى ئوراپ تۇرغان چەكسىز قومۇشلۇقلار بۇ يەردىكى ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ جەننىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭمۇ كۆكلىدىغان پائالىيەت ماكانى ئىدى.

مانا مۇشۇ يەردە، مۇقەددەس لوپنۇر كۆلى نەمدەپ تۇرغان مۇشۇ ماكاندا، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق بىر قىسمى يارىتىلدى. ھەممىگە مەشھۇر بولغان كرورەن دۆلىتى دۇنياغا كەلدى. كرورەن شەھىرىنى ئاساس قىلغان بۇ ئەلدە قەدىمكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تىنىمسىز ئۇچقۇرلىرى ئۆز ئارا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ساقال - بۇرۇتلىرى قويۇق ۋە بەستلىك كەلگەن قەدىمكى كرورەنلىكلەر چەكلىك بوستانلىقلار بىلەن چەكسىز قۇملۇقلارنىڭ ئۆز ئارا تىركىشىدە، پەسىللىك دەريا - ئېقىنلار بىلەن يىراقتىكى قارلىق تاغلارنىڭ ئۇلانما مۇناسىۋىتىدە، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى پىشامشان، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق قەدىمكى ئەللەرنىڭ پارلاق مەدەنىيەتلىرىمۇ كرورەنلىكلەرنى مول بولغان سىرتقى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى.

لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ مول سۇ زاپىسى قەدىمكى كرورەن ئېلىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى. تارىم، كۆنچى، چەرچەن، مىرەن دەريالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار ئۇ زامانلاردا قۇملۇقلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. شۇڭا بۇ ۋادىدا كرورەن مەركىزىي شەھىرىدىن باشقا نۇرغۇن بوستانلىقلار بار ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقىمۇ خېلىلا يۇقىرى ئىدى. تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك ئىگىلىك شەكىللىرى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغانىدى. ئالتۇن كولدۇرمىلىرىنى ياڭرىتىپ، يىراقتىكى ئۇپۇق چەمبىرىكى ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى ئاستا - ئاستا كرورەن شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشقاندا؛ تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ سۈتتەك ئاپئاق نۇرىنى ئۈزاقلاردىكى قوم بارخانلىرىغا سەپكىنىدە؛ لوپنۇر كۆلىدىكى قويۇق قومۇشلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن تەنھا قېيىقتا بېلىقچى بوۋاينىڭ ئۇزۇك- ئۇزۇك ناخشىسى ئاڭلانغىنىدا؛ تەكلىماكاننىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى بۇ قەدىمىي بوستانلىقلار ھايات گۈزەللىكىگە ئەسىر بولاتتى...

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى، لوپنۇر كۆلى نۇرغۇن قېتىملار ئورۇن يۆتكىدى، دەريا - تاراملار ئېقىنلىرىنى ئۆزگەرتتى، ئىلگىرىكى ئاۋات بوستانلىقلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەر سۇ مەنبەلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى. كرورەن شەھىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تاشلىنىپ قالدى ۋە ئاستا - ئاستا قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. كرورەنلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يادىدا پەقەت بۇ غايىۋى شەھەر ھەققىدىكى غۇۋا ئەسلىمىلەرلا ساقلىنىپ قالدى. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشۇ خىرە - شىرە ئەسلىمىلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

## 2

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ۋاقىت تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە نىسبەتەن بىر خىل چەكسىزلىك ئىدى. بۇ يەردە كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى، يىللار ئەسىرلەرنى قوغلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدە دەريالارنىڭ ئېقىن يۆتكىشى، كونا بوستانلىقلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، شەھەر - بازارلارنىڭ كۆچۈشى دائىملىق ھادىسە ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ھەقىقىي رېئاللىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، بەلكى رىۋايەتلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ يەرنىڭ رېئاللىقىنى ئەسىرلەر بويى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن سېھىرلىك رىۋايەتلەر يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. رىۋايەت ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى، تارىخى، ئەسلىمىسى، بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىدى.

ئەنە ئاشۇ رىۋايەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قەدىمكى كرورەن شەھەر خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان

جايلاردا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ يەنە ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كىچىك تىپتىكى بوستانلىقلار ئاستا ـ ئاستا بەرپا قىلىندى. لوپنۇر كۆلى گەرچە بۇرۇنقىدەك ھالىتىگە قايتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئورۇن يۆتكەش جەريانىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، چەرچەن، مىرەن، چاقىلىق دەريالىرىنىڭ ھاۋزىلىرىدا، لوپنۇرنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى قايتىدىن ئىپادىلەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ بۇ تاشلاندۇق ماكانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى ھەقىقىي ئەسلىيەلمەيتتى، بەلكى رىۋايەتلىك بىر خاتىرىنىڭ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك كۆرۈنۈشلىرىنى رىۋايەتلىك ھايات رىتىمى ئىچىدە ئېسىگە ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك ھايات تارىخى قايتا باشلاندى.

قەدىمكى كرورەنلىكلەرنىڭ قاياقلارغىدۇر چېچىلىپ ـ توزۇپ كەتكەن ئەۋلادلىرى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە قايتىدىن جەم بولۇشتى. ئاشۇ ئۇزاق جەرياندا، ئۇلار قانچىلىغان مىللەتلەر ۋە ئېتنىك تۈركۈملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي خۇسۇسىيەتنى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس قان تىپىنى ھاسىل قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قان ھۈجەيرىلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ساقلاپ قالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كرورەن ۋە لوپنۇر مەدەنىيىتىگە بولغان ۋارىسچانلىق ۋە ھەقدارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار لوپنۇر رايونىغا ھەمدە تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى جەننىتىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. ئەمما تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىنىڭ ئىقلىمى قەدىمكى دەۋرلەردىن خېلىلا ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر رايونىغا ئېقىپ بارىدىغان سۇ مىقدارى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن خېلىلا ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكى بارغانسېرى تارىيىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لوپنۇرلۇقلار بۇ يەردىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بېكىك ۋە جاھاندىن خالىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ھاياتلىق مۇساپىسى بىلەن پاراللېل ھالدا، ئۇنىڭغا قوشنا بولغان چاقىلىق، مىرەن ۋە چەرچەن بوستانلىقلىرىدىمۇ بىر خىل تۇرغۇن ھايات داۋاملاشماقتا ئىدى. دەرۋەقە، بۇ يەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئاللىقاچان قۇم ئاستىغا غەرق بولغان بولۇپ، ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خارابىسى ئۈستىگە يېڭى ھاياتلىق ماكانى بەرپا قىلىنغانىدى. ئۇنداقتا، بۇ رايوندىكى يېڭى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى قۇرۇپ چىققۇچىلار زادى كىملەر؟ ئۇلار قەيەردىن پەيدا بولدى؟ ئۇلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟...

بۇ يەردە تارىخ رىۋايەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا گەپنى قەدىمكى كرورەنلىكلەرنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشىدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. كرورەن ئېلى خاراب بولغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ مىرەن، چاقىلىق ۋە چەرچەن تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشتى. ھالبۇكى، بۇ يەرلەردىمۇ دەريا ـ ئېقىنلار قانچە قېتىملار يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، كونا ـ يېڭى بوستانلىقلار قانچە قېتىملار ئالمىشىپ، ئاھالىلار تىنىمسىز كۆچۈپ يۈردى. ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر توختاپ قالمىدى. بولۇپمۇ ناچار شارائىت ۋە سۇ مەنبەلىرىنىڭ گاھ ئۇلغىيىپ، گاھ ئازىيىشى سەۋەبىدىن بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىمۇ ناھايىتى ئاستا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى بۇ كەڭ رايون ئەڭ قاقاس، ئاھالىلار ئەڭ شالاڭ ھەمدە بېرىش ئەڭ تەس بولغان تاشلاندۇق ماكانغا ئايلىنىپ قالدى.

تارىخ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە بۇ يەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ تاشلاندى. بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ھايات رىتىمى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. خوتەن بوستانلىقلىرىدا، تېخىمۇ ئېنىقراقى، كېرىيە بوستانلىقىدا نوپۇسنىڭ پارتلىشى ئاھالىلارنى يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. كېرىيىلىك بىر توپ ماھىر ئوۋچىلار ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ جەزىرىلەر ئاتلاپ ئاخىر ئالتۇنتاغدىن ئېقىپ كەلگەن بىر ئەزىم دەريا ۋادىسىدىكى

www.uyghurkitap.com



مەنبەسىنىڭ كەمچىللىكى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ ئازلىقى، ئىقلىمىنىڭ قۇرغاقلىقى، بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكى ۋە ئادەم ئايىغىنىڭ ئاز تەگكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنمەكتە. ۋاھالەنكى،قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ رايون تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق كارتىنىسىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇ زامانلاردا بۇ يەرنىڭ ئىقلىم شارائىتى ھازىرقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، مول سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلاتتى ـ دە، لوپنۇر كۆلىنى غايەت زور سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيتتى. تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىقلار، يىراقتىن قىزىرىپ كۆرۈنىدىغان يۇلغۇنلۇقلار، شۇنىڭدەك لوپنۇر كۆلىنى ئوراپ تۇرغان چەكسىز قومۇشلۇقلار بۇ يەردىكى ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ جەننىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسان تۇركۈملىرىنىڭمۇ كۆكلىگۈدەك پائالىيەت ماكانى ئىدى.

مانا مۇشۇ يەردە، مۇقەددەس لوپنۇر كۆلى نەمدەپ تۇرغان مۇشۇ ماكاندا، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق بىر قىسمى يارىتىلدى. ھەممىگە مەشھۇر بولغان كروران دۆلىتى دۇنياغا كەلدى. كروران شەھرىنى ئاساس قىلغان بۇ ئەلدە قەدىمكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تىنىمسىز ئۇچۇرلىرى ئۆز ئارا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ساقال ـ بۇرۇتلىرى قويۇق ۋە بەستلىك كەلگەن قەدىمكى كرورەنلىكلەر چەكلىك بوستانلىقلار بىلەن چەكسىز قۇملۇقلارنىڭ ئۆز ئارا تىركىشىشىدە، پەسىللىك دەريا ـ ئېقىنلار بىلەن يىراقتىكى قارلىق تاغلارنىڭ ئۇلانما مۇناسىۋىتىدە، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى پىشامشان، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق قەدىمكى ئەللەرنىڭ پارلاق مەدەنىيەتلىرىمۇ كرورەنلىكلەرنى مول بولغان سىرتقى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى.

لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ مول سۇ زاپىسى قەدىمكى كرورەن ئېلىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى. تارىم، كۆنچى، چەرچەن، مىرەن دەريالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار ئۇ زامانلاردا قۇملۇقلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قويۇلاتتى. شۇڭا بۇ ۋادىدا كرورەن مەركىزىي شەھرىدىن باشقا نۇرغۇن بوستانلىقلار بار ئىدى. ئاھالىلارنىڭ زىچلىقىمۇ خېلىلا يۇقىرى ئىدى. تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق قاتارلىق تۇرلۇك ئىگىلىك شەكىللىرى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغانىدى. ئالتۇن كولدۇرمىلىرىنى ياڭرىتىپ، يىراقتىكى ئۇپۇق چەمبىرىكى ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى ئاستا ـ ئاستا كرورەن شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشقاندا؛ تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ سۇتتەك ئاپئاق نۇرىنى ئۇزاقلاردىكى قۇم بارخانلىرىغا سەپكىنىدە؛ لوپنۇر كۆلىدىكى قويۇق قومۇشلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن تەنها قېيىقتا بېلىقچى بوۋاينىڭ ئۇزۇك ـ ئۇزۇك ناخشىسى ئاڭلانغىنىدا؛ تەكلىماكاننىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى بۇ قەدىمىي بوستانلىقلار ھايات گۈزەللىكىگە ئەسىر بولاتتى...

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى، لوپنۇر كۆلى نۇرغۇن قېتىملار ئورۇن يۆتكىدى، دەريا ـ تارامىلار ئېقىنلىرىنى ئۆزگەرتتى، ئىلگىرىكى ئاۋات بوستانلىقلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەر سۇ مەنبەلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى. كرورەن شەھرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تاشلىنىپ قالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. كرورەنلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يادىدا پەقەت بۇ غايىۋى شەھەر ھەققىدىكى غۇۋا ئەسلىمىلەرلا ساقلىنىپ قالدى. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشۇ خىرە ـ شىرە ئەسلىمىلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

## 2

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ۋاقىت تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە نىسبەتەن بىر خىل چەكسىزلىك ئىدى. بۇ يەردە كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى، يىللار ئەسىرلەرنى قوغلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدە دەريالارنىڭ ئېقىن يۆتكىشى، كونا بوستانلىقلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ كۆچۈشى دائىملىق ھادىسە ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ھەققىي رېئاللىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، بەلكى رىۋايەتلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ يەرنىڭ رېئاللىقىنى ئەسىرلەر بويى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن سېھىرلىك رىۋايەتلەر يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. رىۋايەت ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى، تارىخى، ئەسلىمىسى، بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىدى.

ئەنە ئاشۇ رىۋايەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قەدىمكى كرورەن شەھەر خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان

جايلاردا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ يەنە ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كىچىك تىپتىكى بوستانلىقلار ئاستا ـ ئاستا بەرپا قىلىندى. لوپنۇر كۆلى گەرچە بۇرۇنقىدەك ھالىتىگە قايتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئورۇن يۆتكەش جەريانىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، چەرچەن، مىرەن، چاقىلىق دەريالىرىنىڭ ھاۋزىلىرىدا، لوپنۇرنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى قايتىدىن ئىپادىلەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ بۇ تاشلاندۇق ماكانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى ھەقىقىي ئەسلىيەلمەيتتى، بەلكى رىۋايەتلىك بىر خاتىرىنىڭ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك كۆرۈنۈشلىرىنى رىۋايەتلىك ھايات رىتىمى ئىچىدە ئېسىگە ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك ھايات تارىخى قايتا باشلاندى.

قەدىمكى كرورەنلىكلەرنىڭ قاياقلارغا دۇر چېچىلىپ ـ توزۇپ كەتكەن ئەۋلادلىرى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە قايتىدىن جەم بولۇشتى. ئاشۇ ئۇزاق جەرياندا، ئۇلار قانچىلىغان مىللەتلەر ۋە ئېتنىك تۈركۈملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي خۇسۇسىيەتنى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس قان تىپىنى ھاسىل قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قان ھۈجەيرىلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ساقلاپ قالالىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كرورەن ۋە لوپنۇر مەدەنىيىتىگە بولغان ۋارىسچانلىق ۋە ھەقدارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار لوپنۇر رايونىغا ھەمدە تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى جەننىتىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. ئەمما تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆرجىكىنىڭ ئىقلىمى قەدىمكى دەۋرلەردىن خېلىلا ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر رايونىغا ئېقىپ بارىدىغان سۇ مىقدارى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن خېلىلا ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكى بارغانسېرى تارىيىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لوپنۇرلۇقلار بۇ يەردىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىكىك ۋە جاھاندىن خالىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ھاياتلىق مۇساپىسى بىلەن پاراللېل ھالدا، ئۇنىڭغا قوشنا بولغان چاقىلىق، مىرەن ۋە چەرچەن بوستانلىقلىرىدىمۇ بىر خىل تۇرغۇن ھايات داۋاملاشماقتا ئىدى. دەرۋەقە، بۇ يەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئاللىقاچان قۇم ئاستىغا غەرق بولغان بولۇپ، ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خارابىسى ئۈستىگە يېڭى ھاياتلىق ماكانى بەرپا قىلىنغانىدى. ئۇنداقتا، بۇ رايوندىكى يېڭى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى قۇرۇپ چىققۇچىلار زادى كىملەر؟ ئۇلار قەيەردىن پەيدا بولدى؟ ئۇلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟...

بۇ يەردە تارىخ رىۋايەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا گەپنى قەدىمكى كرورەنلىكلەرنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشىدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. كرورەن ئېلى خاراب بولغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ مىرەن، چاقىلىق ۋە چەرچەن تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشتى. ھالبۇكى، بۇ يەرلەردىمۇ دەريا ـ ئېقىنلار قانچە قېتىملار يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، كونا ـ يېڭى بوستانلىقلار قانچە قېتىملار ئالمىشىپ، ئاھالىلار تىنىمسىز كۆچۈپ يۈردى. ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر توختاپ قالمىدى. بولۇپمۇ ناچار شارائىت ۋە سۇ مەنبەلىرىنىڭ گاھ ئۇلغىيىپ، گاھ ئازىيىشى سەۋەبىدىن بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىمۇ ناھايىتى ئاستا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆرجىكىدىكى بۇ كەڭ رايون ئەڭ قاقاس، ئاھالىلار ئەڭ شالاڭ ھەمدە بېرىش ئەڭ تەس بولغان تاشلاندۇق ماكانغا ئايلىنىپ قالدى.

تارىخ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە بۇ يەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ تاشلاندى. بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ھايات رىتىمى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. خوتەن بوستانلىقلىرىدا، تېخىمۇ ئېنىقراقى، كېرىيە بوستانلىقىدا نوپۇسنىڭ پارتلىشى ئاھالىلارنى يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. كېرىيىلىك بىر توپ ماھىر ئوۋچىلار ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ جەزىرىلەر، ئاتلاپ ئاخىر ئالتۇنتاغدىن ئېقىپ كەلگەن بىر ئەزىم دەريا ۋادىسىدىكى

بوستانلىقتا كېلىپ قالدى. بۇ جاي دەل چەرچەن دەرياسى ۋە چەرچەن بوستانلىقى ئىدى!

بۇ يېڭى بوستانلىقتا ئەسلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلار قەدىمكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا قۇرۇلغان بىر قانچىلىغان ئەللەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. قەدىمكى ئۇدۇن ۋە كېرىيە ئەللىرىدىن ھاياتلىق ئىمكانىيىتى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئاھالىلار بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ بوستانلىقتا ياشاپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، زامان رىيازەتلىرى ۋە ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن بۇ جاينىڭ خوتەن بوستانلىقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. خەيرىيەت، كېرىيىلىك ئوۋچىلار بۇ جاينى قايتىدىن بايقىدى، خوتەن رايونى بىلەن چەرچەن بوستانلىقىنىڭ ئالاقە يولى ئاخىر تۇتاشتۇرۇلدى.

كېرىيىلىك ئوۋچىلار قەلبىگە گۈزەل ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى ھەمدە كۈنچىقىش تەرەپتىكى يېڭى بوستانلىقنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن تۇنجى تۈركۈمدىكى كېرىيە ئاھالىلىرى ئۆي - ماكانلىرىدىن ،خوشلىشىپ يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار قانچە ئايلار جاپالىق سەپەر قىلىپ ئاخىر چەرچەن بوستانلىقىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە بۇ يەرنىڭ ئۇزۇن زامانلار بىر ئىزدا توختاپ قالغان تۇرغۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرىۋەتتى. شۇندىن بۇيان، بۇ يەرگە نۇرغۇن كېرىيىلىكلەر كۆچۈپ كەلدى، ئاھالىلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ باردى. بۇ يەردىكى ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالە(قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار-يەنى كرورەنلىكلەر بىلەن پىشامشانلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن؟) لەر بىلەن كېرىيىلىك كۆچمەنلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، يېڭى چەرچەنلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. ۋاھالەنكى، بۇنداق قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا كېرىيىلىكلەر ئېلىپ كەلگەن خوتەن دىئالېكتى ۋە خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى بىلەن خاراكتېرلەندى. ئەمما قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ سۇس ھالەتتىكى خۇرۇچلىرىمۇ ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

چەرچەن بوستانلىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى ئۇنتۇلغان رايونلارغا يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي كېرىيىلىك ئوۋچىلار يەنىمۇ شەرققە قاراپ مېڭىپ تۇيۇقسىز چاقىلىق بوستانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ ۋە بۇ يەرنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چەرچەن بوستانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن كېرىيىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى چاقىلىققا سۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پىرژىۋالسكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لوپنۇر رايونىغا بىر قانچە قېتىم ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ ھەمدە چاقىلىق، چەرچەن ۋە خوتەن بوستانلىقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە چاقىلىق ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چاقىلىق بىر كەنت بولۇپ، قىشلاق دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇيغۇر تىلىدا قىشلاق ‹قىشلىق ئوتلاق› دېگەنلىكنى بىلدۈرىدىكەن.مەن 1876- يىلى بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەنىدىم. بۇ كەنت چاقىلىق دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، دەريا سۈيى ئانچە يىراق بولمىغان ئالتۇنتاغدىن ئېقىپ كېلىپ، ئاخىر چەرچەن دەرياسىغا قوشۇلاتتى. چاقىلىق كەنتى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم كېرىيىلىك كۆچمەنلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانىكەن. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، شۇ زامانلاردا بىر توپ كېرىيىلىك ئوۋچىلار چەرچەندىن چىڭخەينىڭ گاس دېگەن يېرىگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلىغان. ئۇلار قايتىشىدا ئالتۇن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۇيۇقسىزلا بۇ جايغا كېلىپ قالغان ھەمدە بۇ يەردىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى شەھەر سېپىللىرىنى، قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرىنى، يار - يار ھارۋىلارنىڭ يوغان چاقلىرىنى ۋە يىپ ئىگىرىدىغان چاقلارنى كۆرگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى ‹ چاقىلىق› (يەنى ‹ چاقلىق›) دەپ ئاتىغان. ئۇ زامانلاردا بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر بولمىغان، پەقەت چەرچەنگە بارغاندىلا ئاندىن ئاھالىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر گويا تەنھا ئارالدا ياشاۋاتقاندەك ئۆز ئەتراپىدىكى ئۇزاق چۆل - جەزىرىلەر تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ، ئىپتىدائىي ھالەتتىكى بېكىك ھاياتنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى.» ①

چاقىلىقنىڭ بايقىلىشى مۇشۇ ئەتراپتىكى لوپ، مىرەن، ئارغان قاتارلىق يۇرتلارنىڭ قايتىدىن بىنا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەسلىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بۇ يەردىكى ئاز ساندىكى يەرلىك ئاھالە ناھايىتى تېزلا كېرىيىلىك كۆچمەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنداقلا كېرىيىلىكلەرنىڭ نىسبەتەن ئىلغار بولغان دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، كىچىك دائىرىدىكى تېرىم ئىگىلىكىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي گىرۋىكىدىكى كەڭ

كەتكەن ئۈچ بۆرجەك رايون ئۆزۈن مەزگىللىك جىمجىتلىقتىن كېيىن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلار رايونى، جۈملىدىن ئابدال، ئويدۆڭ، قارا قۇرچىن، دۆڭقوتان قاتارلىق چوڭراق كەنتلەردە ياشىغۇچى ئاھالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادىتى، ئىگىلىك شەكلى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەنە خوتەن رايونىدىن چىقىش يولى ئىزدەپ كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان تېرىم مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇڭلاشقا پۈتكۈل لوپنۇر رايونى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان چەرچەن، چاقىلىق بوستانلىقلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندا شەكىللەنگەن مەدەنىيىتىنى قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتى بىلەن خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك قوشۇلمىسى دېيىشكە بولاتتى. ئەمما لوپنۇر رايونىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا، بولۇپمۇ چەرچەن، چاقىلىق دەريالىرى بويلىرىدا بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە نىسبىتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

## 3

قەدىمكى لوپنۇر ۋە كرورەن مەدەنىيىتىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە يېڭى ھاياتلىق چەمبىرىكى قۇرۇلۇپ چىقىلدى. يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بۇ تىمتاس ماكانغا ھېچقانچە يېڭىلىقلار ئېلىپ كېلەلمىدى. بۇ خىل دۆلەتمە ھالەتتىكى تۇرغۇن كەيپىيات ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتى. پۈتۈن دۇنيا گويا قەدىمكى كرورەن ئېلىنىڭ خاراب بولۇشىغا ئەگىشىپ بۇ جاينى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كەتكەندەك، بۇ رايوننىڭ جاھان ئۆزگىرىشلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك بىر خىل زېرىكەرلىك غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى قەدىمكى دۇنيا ئۈچۈر بەلۋېغىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى چۆلدەرىتىپ قويدى. قەدىمكى لوپنۇر ۋادىسىدىكى كرورەن دۆلىتى خارابلاشقاندىن كېيىن، مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ بۇ يەر ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ باردى. ھەتتا ئورۇن يۆتكەپ، دەريا يۆنىلىشكە قاراپ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەپ كەلگەن لوپنۇر كۆلىمۇ ئاستا ـ ئاستا سىرتقى دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تۈنجى تۈركۈمدىكى

ياۋروپالىقلار لوپنۇر رايونىغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنگە قەدەر، دۇنيا خەرىتىسىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى بەلگىلەنمىگەنىدى. ھەتتا شۇ چاغدىكى جۇڭگو خەرىتىلىرىدىمۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق ئىدى. دۇنيا جۇغراپىيىسى لوپنۇر رايونىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئىدى.



رۇس شەرقشۇناسى نىكولاي پىرژېۋالىسكى (1839 ـ 1888) نىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لوپنۇر رايونىغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى سىرلىق لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى تۇنجى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. پىرژېۋالىسكى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تارىم دەرياسى، لوپنۇر كۆلى ۋە ئالتۇنتاغ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئەڭ سۇس بولغان جۇغراپىيىلىك رايون دەپ قارالغانىدى. جۇڭگو يىلنامىلىرىدىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىم دەرياسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ناھايىتى غۇۋا ئىدى. ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆپلىگەن دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ تارىم دەرياسىغا جۇغلىنىپ، ئەڭ ئاخىرى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس ئىدى. جۇڭگولۇقلار سىزغان جۇڭگو خەرىتىسىدە ھەمدە ياۋروپالىقلارنىڭ مۇشۇ ئاساستا سىزغان جۇڭگو خەرىتىسىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە ئېقىپ كىرىدىغان جايى ھەققىدىكى خەرىتىلىك تەسۋىرىدە ناھايىتى چوڭ

خاتالىقلار مەۋجۇت ئىدى. لوپنۇر كۆلىدىن باشقا يەنە ئالتۇنتاغنىڭ ئورنى مەسلىسىدىمۇ خېلى چوڭ ئېنىقسىزلىق بار ئىدى. تارىختىن بۇيان، قانچىلىغان تۆگە كارۋانلىرى ئالتۇنتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ تاغ تىزمىسى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى ۋە يازما ئۇچۇرلىرى كەمچىل ئىدى. بۇ رايوننىڭ تەبىئىي ھالىتى، كېلىماتى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى، تۇپراق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ھېچكىم تېخى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تەلىيىمىز ئۇڭدىن كېلىپ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتۇق، شۇنداقلا ۋېنتسىيىلىك سەيياھ ماركو پولودىن كېيىن بۇ رايوننى دەسسىگەن تۇنجى ياۋروپالىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، سىرلىق لوپنۇر كۆلىگە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ تاكى خوتەن بوستانلىقلىرىغىچە بولغان جايلارغا قەدەم باستۇق. بۇ دەل 1876 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1877 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىگىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، ئاسىياغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىم ئىدى.» ②

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، پىرژىۋالسكىنىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن ئىلگىرى، ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ جاي ھەققىدىكى چۈشەنچىسى پەقەت ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن لوپ شەھىرى توغرىسىدىكى غەلىتە رىۋايەتلەر بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى مۇجمەل بايانلار بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. شۇڭلاشقا پىرژىۋالسكىنىڭ لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى يېڭى مەلۇماتلىرى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا قەدەر دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر لوپنۇر كۆلى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن، مۇشۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرمۇ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن، بۇ جايدا مىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان ھاياتلىق ئۆچكەن، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، پىرژىۋالسكىنىڭ لوپنۇرغا قىلغان سەپىرى يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ بىر خىل خاتا تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. پىرژىۋالسكى بۇ رايونغا كېلىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا بۇ يەردە بىر قانچىلىغان ئاھالىلار كەنتلىرى قايتا شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. لوپنۇر كۆلى ئۆز ھاۋزىسىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى زورۇر بولغان ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنىدى.

پىرژىۋالسكىنىڭ لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ياۋروپادا بىرمەيدان كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىنىڭ قانات يېيىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، مەيلى ياۋروپالىقلار بولسۇن ياكى جۇڭگولۇقلار بولسۇن، لوپنۇر كۆلىگە نىسبەتەن بىرخىل سىرلىق تۇيغۇدا بولۇپ كەلگەنىدى، شۇنداق لوپنۇر كۆلى ئەزەلدىنلا بىر يېشىلمەس سىر ئىدى! پىرژىۋالسكىنىڭ بۇ تۈگۈننى يېشىشكە ئۇرۇنۇشى تەبىئىي ھالدا جۇغراپىيە ئالىملىرى ئارىسىدا مۇنازىرە قوزغىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ياۋروپا جۇغراپىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى فېردىناند ۋون رىچخوۋېن (1833 ـ 1905) ئۆزىنىڭ پىرژىۋالسكىنىڭ لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى بايقىشىغا بولغان گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى: جۇڭگو يىلنامىلىرى ۋە خەرىتىلىرىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا دەپ كۆرسىتىلگەن، ئەمما پىرژىۋالسكى لوپنۇر كۆلى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا دەيدۇ، بۇ تارىختىكى ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لوپنۇر كۆلى ئىزچىل ھالدا كىشىلەر تەرىپىدىن تۇزلۇق سۇ كۆلى دەپ قارالغان، لېكىن پىرژىۋالسكى ئۇنى تاتلىق سۇلۇق كۆل دەپ جاكارلىدى، بۇ تەرىپىمۇ ئىشىنەرلىك ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. ھالبۇكى، بۇ ھەقتە قانچىلىك بەس ـ مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلمىسۇن، پىرژىۋالسكىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ھەقىقەتەنمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىدا دېھقانچىلىقنىڭ نىسبەتەن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، لوپنۇر كۆلىگە ئېقىپ بارىدىغان سۇ مىقدارىمۇ تەدرىجىي ئازايغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى لوپنۇر كۆلى بىلەن يېقىنقى زاماندىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىدا خېلى چوڭ ئارىلىق ھاسىل بولغان بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۆز ئېقىنىنى يۆتكىشى بىلەن لوپنۇر كۆلىگە قويۇلىدىغان دەريا ـ تاراملار ئازايغانىدى. شۇڭلاشقا پىرژىۋالسكى لوپنۇر ۋادىسىغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن ۋاقىتلاردا، لوپنۇر كۆلى ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئورنىدىن خېلىلا يۆتكەلگەن بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا توغرا كېلەتتى. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، تارىم دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى تەدرىجىي ئازىيىپ، لوپنۇر كۆلىگە بارمايلا قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان.

پىرژىۋالسكى ئۆز خاتىرىسىدە، لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ

مىقدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازىيىۋاتقانلىقى، كۆلنىڭ دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما لوپنۇر كۆلىنىڭ ھازىرقى قۇرۇغان ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شۇ چاغدىكى لوپنۇر كۆلى يەنىلا تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى ھېسابلىناتتى. پىرژىۋالسكى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھازىرقى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبتىن شەرقىي ـ شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىكەن. كۆلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 20 كىلومېتىر كېلىدىكەن. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى لوپنۇر كۆلىدە ئاخىرلىشىدىكەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي-شىمال قىسمىدا چەكسىز كەتكەن شورتاڭ ساھىل بولۇپ،ئۇ يەر كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇق بىلەن قاپلانغانىكەن... پۈتكۈل لوپنۇركۆلىنىڭ سۇ يۈزى خېلىلا تېيىز بولۇپ، ئادەتتىكى چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا ئىكەن. بەزى جايلىرىنىڭ ئىككى مېتىر، ئايرىم جايلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەتتا بەش مېتىرمۇ كېلىدىكەن. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تەسىراتىمىز لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ يىلدىن يىلغا ئازىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش بولدى. چۈنكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان سۇ زاپىسى كۆرۈنەرلىك ئازىيىۋېتىپتۇ. لوپنۇر كۆلىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ مەزگىلسىز ھالدا كۆپىيىدىغانلىقى ۋە ئازىيىدىغانلىقى توغرىسىدا يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدىكى ياشانغان كىشىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىشتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، لوپنۇر كۆلى ئاستا ـ ئاستا ۋە تىنىمسىز رەۋىشتە تارىيىۋېتىپتۇ، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرۇپ كېتىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ. بىز بۇ نۇقتىنى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى گويا قىسماقتا ئوخشايدىغان پايانسىز شورتاڭلىقنىڭ بارغانسېرى كۆل يۈزىنى تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.»③ پىرژىۋالسكى ۋاپات بولۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1889 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، فرانسىيىلىك گابرېل بونۋالوت (1853 ـ 1933) بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، لوپنۇر رايونىغا تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ. ئەمما لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى پىرژىۋالسكى كۆرگەن چاغدىكىدىن خېلىلا ناچارلىششقا باشلىغانىدى. بونۋالوت ئۆز خاتىرىسىگە ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تەقدىرى تامامەن تارىم دەرياسى بىلەن باغلانغان بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىمۇ بارغانسېرى تارىيىۋېتىپتۇ. ئادەملەر بۇ يەردىن ئايرىلىشى بىلەنلا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەنتلەر غايىب بولىدىكەن، مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى قومۇشلۇقلار ئىگىلەيدىكەن، قومۇشلۇقلارمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە زۆرۈر بولغان سۇ مىقدارىنىڭ كېمىيىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا قۇرۇپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاقما قۇملار شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ بارلىق شەھەر خارابىلىرىنى، كەنتلەرنىڭ ئىزلىرىنى، ياغاچتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى، قۇرۇغان قومۇشلۇقلارنى، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىنى كۆمۈپ تاشلايدىكەن. ھېچقانداق بىر كۈچ ئاقما قۇملارنىڭ زەربىسىنى توسۇپ قالالمايدىكەن. رەھىمسىز قۇملۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتكۈل لوپنۇر رايونىغا شىددەت بىلەن بېسىپ كىرىپ، ئىنسانلارنى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى كۆلنى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلارمۇ!؟ ۋاقىتنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تەبىئەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان لوپنۇر كۆلى ئۆز ۋاقتىدا پىرژىۋالسكى كۆرگەن لوپنۇر كۆلى بىلەن تامامەن ئوخشىماي قالغانىدى. كۆل سۈيى بارغانسېرى ئازلاپ، كۆلنىڭ دائىرىسىمۇ تارىيىشقا باشلىغانىدى. يەرلىك ئاھالىلەر ھەسرەت بىلەن: دەريا سۈيى كۈندىن كۈنگە ئازىيىۋاتىدۇ، كۆلمۇ بارغانسېرى تارىيىۋاتىدۇ، شورتاڭلىقلار ۋە قومۇشلۇقلارنىڭ دائىرىسى چوڭىيىۋاتىدۇ!...دەپ دەرد تۆكۈشمەكتە ئىدى»④

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (1865 ـ 1952)، ياپونىيىلىك ئوتانى (1876 ـ 1948) قاتارلىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەكشۈرۈش ـ قىدىرىش ئەترەتلىرىنى باشلاپ، پىرژىۋالسكىنىڭ ئىزىدىن لوپنۇر رايونىغا كەلدى. داڭلىق جۇغراپىيە ئالىمى رىچخوۋېننىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان سۋېن ھېدىن ئۆز قەلبىگە لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرىنى ئېچىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇزاقتا سوزۇلغان بەس ـ مۇنازىرىگە خاتىمە بېرىش ئارزۇسىنى پۈككەنىدى. دېگەندەك سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقاردى: لوپنۇر كۆلى تەخمىنەن 1600 يىلنى دەۋر قىلىپ ئورۇن

يۆتكەلگەن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بىر كۆچمە كۆل، خالاس!

## 4

لوپنۇرلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان ئەۋلادلىرى تەبىئەت بىلەن بولغان تىنىمسىز كۈرەش ئىچىدە تارىخنىڭ ئۇزۇن تونلىرىنى ھازىرقى زامانغا ئۇلىدى. مۇقەددەس لوپنۇر كۆلى بەخش ئەتكەن ھاياتلىق ئىمكانىيىتىدىن ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە پايدىلاندى. بۇ يەردىكى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن «جەننەت» نى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە جاپالىق ئىزدەندى. ۋاھالەنكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشۋاتقان ئېكولوگىيە كرىزىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدەك تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى خېلى بۇرۇنلا بەلگىلەپ قويغانىدى.

شۇنداق، لوپنۇرلۇقلارنىڭ قەدىمكى لوپنۇر ۋادىسىدىكى جەننىتى بەربات بولدى. ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ رېئاللىقنى كەينىگە قايتۇرالمىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي بۇرجىكىگە دۈملەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەت لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى بىلەن تەڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئەمما لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئاداققىچە داۋاملاشقان كۈرەشلىرى ۋە قايتماس روھى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك دىئالوگىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك بىر بۆلىكىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلار تىرىشتى، تىرماشتى، تىركەشتى... لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ باغرىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى. ئەمما كۇنساناپ زورىيىۋاتقان ئاقما قۇملارنىڭ زەربىسىنى توسۇپ قېلىشقا، بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقان لوپنۇر كۆلىنىڭ تىقىنىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى. رەھىمسىز تەبىئەت ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى قىساسىنى بىراقلا ئالماقچى بولغاندەك بۇ يەردىكى ئادەملەرگە قىلچىمۇ رەھىم قىلمىدى.

تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ تەدرىجىي تارىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي بىرلىكلىرىمۇ پارچىلىنىشقا باشلىدى. پىرژېۋالسكىنىڭ لوپنۇرلۇقلار ھەققىدىكى ئېتنوگرافىيىلىك خاتىرىلىرى بىزگە تېخى ئۆزىنى تامامەن ئېچىۋەتمىگەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۈزەل ئەخلاقىي تۈزۈلمىنى، تەبىئەت بىلەن گىرەلىشىپ

كەتكەن ساپ ھالەتتىكى جىمجىت ھايات رىتىمىنى، شۇنداقلا زامانىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ غىدىقلىشىدىن مۇستەسنا قەدىمىي ئۇدۇم ـ ئەنئەنىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئەينى چاغدىكى لوپنۇرلۇقلار تەبىئىي مۇھىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلارغا يۆتكىلىۋاتاتتى. چۈنكى لوپنۇر رايونى بارغانسېرى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتىدىن يىراقلىشىۋاتاتتى. پىرژېۋالسكىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ چاغدىكى لوپنۇر رايونىدا، يەنى قارا قۇرچىن دېگەن مەمۇرىي بىرلىككە تەۋە بولغان لوپنۇر كۆلى بويىدىكى 11 كەنتتە جەمئىي 70 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس 300 كىشىدىن ئاشىدىكەن. ئەنە ئاشۇ 300 كىشى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چىرىغىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

دەرۋەقە، بۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئۆتمۈشتە، لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالىلەر نوپۇسى ھازىرقىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە جەمئىي 550 تۈتۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئاھالە لوپنۇر كۆلىدە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئەمما 20 يىل ئىلگىرى بۇ رايوندا ئېغىر ۋابا تارقىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن، ھايات قالغانلىرى يىراق جايلارغا قېچىپ بېرىپ جان ساقلىغان. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئاھالىلەر نۇقتىلىرى تەدرىجىي ئازىيىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كەنتلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئاساسىمۇ شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى.

لوپنۇرلۇقلار بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ چىراي شەكلى ۋە بەدەن تۈزۈلۈشىدە ئوخشىمىغان ئىرقلارنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدا موڭغۇللوئىدلارنىڭ قان تەركىبلىرى بار ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئارىيان ئىرقىنىڭ سۈس ھالەتتىكى يۈز شەكلى ساقلانغان بولۇپ، ساپ ئارىيان ئىرقىدىنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. لوپنۇر ۋادىسىدا ئەسلىدىن ياشاپ كەلگەن لوپنۇرلۇقلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بوستانلىقلاردىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇپ، كېيىنكى لوپنۇرلۇقلارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا لوپنۇرلۇقلار بىلەن

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىدە روشەن ھالدىكى شالغۇت تىپنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. ⑤

ئۇلار قىيىن شارائىتتا، جاپالىق تۇرمۇشتا، ماددىي بۇيۇملارنىڭ كەملىكىگە كۆنۈك ئىدى. رەھىمسىز تەبىئەتلا ئەمەس، بەلكى مۇشەققەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئۇلارنى قاتتىق تاۋلىغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى، چېكە بەدەنلىرى قۇياش نۇرى بىلەن كۆل يۈزىدىن كېلىدىغان ئاچچىق شامالدا قارايغانىدى. داۋاملىق قېيىق بىلەن ھەپىلەشكەچكىمۇ ئۇلارنىڭ كۆكرەك، مۈرىلىرى كەڭ، بىلەكلىرى كۈچلۈك ئىدى. لوپنۇر ماتاسىدىن تىكىلگەن ئاددىي كىيىملىرى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋۇجۇدىدا تەبىئەت بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بىر خىل ئىچكى چوڭقۇرلۇق، يىراق ئۆتمۈشكە سوزۇلغان مەنىۋى كەڭلىك زاھىر بولۇپ تۇراتتى.

كۆل، قومۇش، قېيىق، قارماق، ساتما ۋە بېلىق پۇرىقى... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھايات مەئىشىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئۇلار دىماغىنى يارغۇدەك ئاچچىق بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنياغا تۇغۇلاتتى، يەنە ئاشۇ بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، كىيىم ــ كېچەكلىرىدىن، تىنىقلىرىدىن بېلىق پۇرىقى كېلەتتى، كەنت ــ مەھەللىلەردىن، كۆل بويىدىن، ھەتتا پۈتكۈل لوپنۇر رايونىدىن خام بېلىقنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان پۇرىقى كېلەتتى. شۇنداق، ئۇلار بېلىقچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بېلىق گۆشىدىن، قىلتىرىقىدىن، مېيىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ياخشى بىلەتتى. بېلىق پۇرىقىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئۇلار قومۇشتىن ياسالغان ساتمىلاردا ئولتۇراتتى. ياغاچ ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغانلىقتىن ھەممە نەرسىلەرنى قومۇشتىن ياسايتتى. قومۇش ساتمىلاردىن تەركىب تاپقان غوجمەك مەھەللىلەر لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى تەبىئەتتىن ئالاتتى. تىنىمسىزلىق، قانائەتچانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق ۋە راستچىللىق ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل، ئاددىي ــ ساددا ۋە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئاۋۇندۇرۇشنى، زېرىكەرلىك ھايات رىتىمىنى قانداق بېزەشنى، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى قانداق ھېس قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى.

قېيىق، تور، قارماق ۋە بېلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەئەللۇقاتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن زىيادە مال ــ مۈلكى بولمايتتى. قىز ــ يىگىتلەر توي قىلغاندا، يىگىت تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن بىر قېيىق، تور ۋە مەلۇم مىقداردا بېلىق تەييارلايتتى، بۇ قىز ــ يىگىتنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيىنىڭ مال ــ مۈلكى ھېسابلىناتتى. بېلىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئۆزى يەنە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ھېسابلىناتتى. بىرەر كىشى قازا قىلسا ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ ــ تاراپ بولغاندىن كېيىن، قېيىققا سېلىپ ئۈستىنى يەنە بىر قېيىق بىلەن دۈم كۆمتۈرۈپ يېپىپ قوياتتى. ئاندىن ئىككىنچى كۈنى دەپنە قىلاتتى. ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن قارماق، تور قاتارلىق تەۋەررۈك بۇيۇملىرىنى مېيىت بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلاتتى. ⑥

گەرچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ساغلام، تەمبەل ۋە كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. بۇ يەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتى. 100 ياشتىن ئارتۇقلارمۇ ئەمگەك قىلالايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى چېچەك، كۆز كېسەللىكلىرى، قىيىن تۇغۇت ۋە باشقا ۋابا كېسەللىكلىرى ئىدى. غەربنىڭ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان خىمىيىۋى دورىلىرى بولمىغان شارائىتتا چېچەككە ئوخشاش تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايتتى.

لوپنۇرلۇقلار تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تەبىئەتتىن ئالاتتى. ئۇلار ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ قىممەت نەرسىلىرىنى ئۆيدە ساقلىمايتتى، بەلكى ئوت ئاپىتىدىن ۋە باشقا كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقىلار بىلمەيدىغان بىر جايىنى كولاپ مەخپىي ساقلايتتى. ھەممە ئائىلىنىڭ پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدىغان مەخپىي جايلىرى بولاتتى. پىرژىۋالسكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقلى كۈنچىققانبەگكە سوۋغا سۈپىتىدە بىر يانچۇق سائىتى بىلەن سترېئولۇق ئەينەك تەقدىم قىلغىنىدا، كۈنچىققانبەگنىڭ تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى ھەمدە ئۆزى يالغۇز قېيىققا چۈشۈپ بۇ نەرسىلەرنى تارىم دەرياسى بويىدىكى باشقىلار بىلمەيدىغان بىر جايغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

لوپنۇر رايونىدا شۇ چاغقا قەدەر ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك چوڭراق جىنايى قىلمىشلار ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغانىدى، ئوغرىلىق ۋە جېدەل ــ ماجىرا ئىشلىرىمۇ

كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. كىشلەر ئىناق، ئۆم ۋە تىنچ ياشاپ كەلگەنىدى. پىرژىۋالسكى بۇنداق بىر ۋەقەنى ئۆز خاتىرىسىگە يازىدۇ: «لوپنۇرلۇقلار بىز بىلەن تولىمۇ ئىناق ۋە دوستانە بېرىش ـ كېلىش قىلدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ياش يىگىت بىزنىڭ چېدىر تىكىدىغان زەنجىرىمىزنى ئوغرىلاۋاتقاندا، كازاك قاراۋۇللىرىمىز تەرىپىدىن نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ئىش كۇنچىققانبەگ بىلەن كەنتتىكىلەرنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. كۇنچىققانبەگ دەرھال يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ، بۇ ۋەقەنى جىددىي مۇزاكىرە قىلدى، نەتىجىدە گۇناھكارغا بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىش قارار قىلىندى. بىز ئارىغا كىرىپ جازانىڭ ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتۇق. ئۇلار شۇندىلا يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىپ، گۇناھكارنى دەررىگە تارتىشنى ۋە يىراققا سۈرگۈن قىلىشنى قارار قىلدى.» ⑦



(لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى كۇنچىققانبەگ ئوغلى توختىئاخۇن بىلەن بىللە)

لوپنۇرلۇقلار ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىجتىمائىي بىرلىككە ئۇيۇشقان بولۇپ، بۇ بىرلىكتە يۇرت ئاقساقىلى ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدار ھېسابلىناتتى. كۇنچىققانبەگ شۇ ۋاقىتتىكى لوپنۇر رايونىنىڭ يۇرت ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇ بۇ يەرنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۆز دەۋرىدىكى چەك ھۆكۈمىتىمۇ كۇنچىققانبەگنىڭ لوپنۇردىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. پىرژىۋالسكىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كۇنچىققانبەگ ئېسىل پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، 1885 ـ يىلى 73 ياشقا كىرگەنىكەن. ئەمما ئۇ ناھايىتى ساغلام بولۇپ، ئۆز پۇقرالىرىغا خۇددى ئاتا بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدىكەن. قولىدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاجەتمەنلەردىن ئايىمايدىكەن. شۇڭا ئۇ گەرچە ئاقساقال بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. كۇنچىققانبەگ شەھەر تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، يامۇلنىڭ تۈرلۈك ئالۋاڭلىرىدىن تولىمۇ باشقېتىنچىلىق ھېس قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ ھاياتىدا كورلىغا ئۈچ قېتىم، چاقىلىققا بىر قېتىملا بارغانىكەن، ئۇنىدىن باشقا جايلارغا ئەزەلدىن بېرىپ باقماپتۇ. پىرژىۋالسكى خاتىرىسىدە ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا كۇنچىققانبەگكە بېغىشلانغان بىر گۈزەل داستانىنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە داستاندىن ئارىيەلەر كەلتۈرىدۇ. ⑧

لوپنۇردا شۇ چاغلارغا نىسبەتەن ئابدال كەنتى ئەڭ باي ۋە كىشلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭرەك جاي ھېسابلىناتتى. بۇ يەرگە خوتەن بوستانلىقلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن، نىسبەتەن ئىلغار بولغان تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىدىن خەۋەردار ئاھالىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە يەرلىك لوپنۇرلۇقلارمۇ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. پىرژىۋالسكى ھەتتا ئابدال كەنتىدىكى بىر قىسىم كىشلەرنىڭ تۆمۈر يول، تېلېگراف، ھاۋا شارى دېگەندەك يېڭىلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئابدال كەنتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇغداي ئۇنى ۋە قوي گۆشىدىن قىلغان تاماقلارنى يېيىشكە تەدرىجىي ئادەتلەنگەنلىكىنى، قاراقۇرچىن، ئويدۇڭ قاتارلىق كەنتلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ يەنىلا بېلىقنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىدىغانلىقىنى، قوي گۆشى ۋە ئۇنىدىن قىلىنغان تاماقلارنى يېيىشكە كۆڭلى ئاينىيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لوپنۇرلۇقلار يەنىلا بېلىقچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىكى قىلىشقانىدى. شۇڭلاشقا دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، ئۆزىنى تېخى ئېچىۋەتمىگەن بۇ خىلۋەت جەمئىيەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەسىرلەر بويى قۇمغا بەخشەندە بولۇپ كەلگەن ئانتىك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنمەس روھ چەشمىلىرى ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

## 5

شۇنداق قىلىپ، لوپنۇر ۋادىسىدىكى هاياتلىق چەمبىرىكى ئېغىر تىنىقلار ئىچىدە 20 ـ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ كۇنساناپ تارىيىشى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىشى نەتىجىسىدە بۇ يەردىكى ئاهالىلار تەدرىجىي هالدا هاياتلىق ئىمكانىيىتى ئىزدەپ، ئەسلىدىكى لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىن ئىككى يۆنىلىشكە —— غەربىي ـ شىمال ۋە غەربىي ـ جەنۇپ تەرەپلەرگە سىلجىشقا مەجبۇر بولدى. غەربىي ـ شىمال يۆنىلىشكە قاراپ سۈرۈلگەن لوپنۇرلۇقلار تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە كۆنچى دەرياسى بويىدىكى هەر قايسى بوستانلىقلارغا ئورۇنلىشىپ ئولتۇراقلاشتى ۋە هازىرقى لوپنۇر ناهىيىسىنىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنى تەشكىل قىلدى. غەربىي ـ جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ سۈرۈلگەن لوپنۇرلۇقلار چاقىلىق، مىرەن، ئارغان، ۋاششەررى قاتارلىق يۇرتلاردىكى تېرىم ئاهالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا سۈرۈلگەن لوپنۇرلۇقلار شارائىتنىڭ قىستىشى ۋە بۇ يەردىكى كۆچمەن ئاهالىلارنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا تېرىم ئىگىلىكىگە كۆچكەن بولسىمۇ، ئەمما بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇڭا بۈگۈنكى لوپنۇر دىئالېكتىدا بېلىقچىلىققا ئائىت سۆزلەر باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئۇچرايدۇ.

پىرژېۋالىسكىنىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن 20 يىل كېيىن، يەنى 1806 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، يەنە بىر مەشهۇر ئەجنەبىي تەۋەككۇلچى شۋېتسىيىلىك سۋېن هېدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ، قېيىق بىلەن لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ـ ئابدال كەنتىگە يېتىپ باردۇ. سۋېن هېدىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن پىرژېۋالىسكىنىڭ لوپنۇر خاتىرىلىرىنى قانچە قېتىملار ئوقۇغان هەم ئۆزى رۇسچىدىن شۋېتچىگە تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، قېيىق ئابدال كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە چەكسىز هاياجانغا چۆمدۇ. گويا ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بارغان بىر تونۇش جايغا باشقىدىن قايتىپ كەلگەندەك ئىللىق تۇيغۇ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالدۇ. ئابدال كەنتىدىكى هەممە كىشى ـ ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش هەممىسى قىرغاققا كېلىپ سۋېن هېدىننى قىزغىن كۈتۈۋالدۇ. سۋېن هېدىنمۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن كۈنچىققانبەگنى يىراقتىنلا تونۇۋالدۇ. سۋېن هېدىننىڭ بۇ يەرگە كېلىشى لوپنۇرلۇقلار ئۈچۈن پىرژېۋالىسكىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇقلار ئۆز دەۋرىدە پىرژېۋالىسكىنى «چوڭ تۆرەم» دەپ ئاتىغان بولسا، سۋېن هېدىننى «هېدىن تۆرەم» دەپ ئاتايدۇ هەمدە ئۇنىڭ بىلەن ناهايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى سۋېن هېدىننىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى پىرژېۋالىسكىغا قارىغاندا خېلىلا قىسقارتقانىدى.

سۋېن هېدىن لوپنۇر رايونىدا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىنمۇ كۆپرەك تەسىراتلارغا ئېرىشىدۇ. «كىرورەنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاهسى»، لوپنۇر ۋادىسىنىڭ تىرىك تارىخچىسى بولغان كۈنچىققانبەگ سۋېن هېدىننى هەيران قالدۇرىدۇ. كۈنچىققانبەگ پۈتكۈل لوپنۇر رايونىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنىڭ يېگانە گۇۋاهچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئابدال كەنتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقلارنىڭمۇ روهىي تۈۋرۈكى ئىدى. لوپنۇر رايونىنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرىنى هېچكىم ئۇنىڭچىلىك بىلمەيتتى. كۈنچىققانبەگ بولغانلىقى ئۈچۈن سۋېن هېدىننىڭ لوپنۇرغا قىلغان تۇنجى سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىشىدۇ. شۇندىن باشلاپ، ياۋروپالىق بۇ مەشهۇر ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ لوپنۇر كۆلى ۋە لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان 40 يىللىق تارىخىي رىشتىسى باغلىنىدۇ.

1899 ـ يىلى، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا سۋېن هېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇر ۋادىسىغا قەدەم باسىدۇ ۋە لوپنۇر كۆلى هەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان كۈنچىققانبەگ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. دەل شۇ يىلى، يەنى كۈنچىققانبەگ ئالەمدىن ئۆتكەن مىلادىيە 1898 ـ يىلى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئەڭ ئاخىرقى هاياتلىق چىرىغى ئۆچىدۇ. لوپنۇر ۋادىسىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان ئابدال كەنتى قۇم بورانلىرىنىڭ دەهشەتلىك هۇجۇمى ئارقىسىدا ۋەيران بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئائىلىلىك يەرلىك لوپنۇرلۇقلار كەنتنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كۈنچىققانبەگنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلالمىغان ئوغلى توختىئاخۇن سۋېن هېدىننىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئەترىتىگە يول باشلىغۇچى بولىدۇ.

سۋېن هېدىننىڭ لوپنۇر ۋادىسىغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن

مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، تارىختىكى ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەسلىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي بۇرجىكىدە ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە بۇ سىرلىق كۆلنىڭ بۇنىڭدىن 1600 يىل ئىلگىرى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى لوپنۇر كۆلىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قايتىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. شۇنداقلا «لوپنۇر كۆلى مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمە كۆل» دېگەن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ئۇزۇن مەزگىل بەس ـ مۇنازىرە قوزغىغان لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى بۈيۈك بايقىشىنىڭ ئارقىسىغا قەدىمكى كرورەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۈچ نەپەر لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىنىڭ تەڭداشسىز تۆھپىلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار كۆنچىققانبەگنىڭ ئوغلى توختىئاخۇن، ئۆردەك ۋە ئابدۇرېھىم قاتارلىق لوپنۇرلۇق يولباشلىغۇچىلار ئىدى.



(قەدىمكى كرورەن شەھەر خارابىسىنى تونجى بايقىغۇچى ئۆردەك)

بولۇپمۇ ئۆردەك بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقانىدى. ئەڭ ئاخىرقى تىپىك لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىرى بولغان ئۆردەك ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە يىتتۈرۈپ قويغان تۆمۈر گۈرجەكنى تېپىپ كېلىمەن دەپ مۇگدەپ ياتقان بىر شەھەر خارابىسىنى بايقايدۇ. بۇ دەل تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئون نەچچە ئەسىرلەپ ئۇخلىغان قەدىمكى كرورەن شەھىرى ئىدى! قەدىمكى كرورەن شەھىرىنىڭ قايتا بايقىلىشى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۆردەك ـ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان قۇملۇقتىكى بۇ يول باشلىغۇچى ئاشۇ قەدىمىي شەھەرنى بايقىغان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ زىلزىلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. سۋېن ھېدىن بۇ قېتىمقى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مول نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، قەشقەردە ئاخىرقى قېتىم ئۆردەك بىلەن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ ۋە ياۋروپاغا قايتىدۇ. ئۆردەكنىڭ قەدىمكى كرورەن شەھەر خارابىسىنى بايقىشى سۋېن ھېدىنغا ئويلاپ باقمىغان شان ـ شەرەپلەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بىراقلا ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى چولپانغا ئايلىنىدۇ.

1928 ـ يىلى سۋېن ھېدىن ئۈچىنچى قېتىم چوڭ بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇ تورپاندا لوپنۇرلۇق سودىگەر توختىئاخۇندىن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇرۇق دەريا ئىزىغا سۇ كەلگەنلىكىنى ۋە قۇم دەرياسى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلىدىكى قەدىمىي قۇرۇق ئېقىننىڭ ئورنىغا يېڭى دەريانىڭ پەيدا بولۇشى لوپنۇر كۆلىنىڭ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى! سۋېن ھېدىن دەرھال لوپنۇر ۋادىسىغا ئاتلانماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدا ياۋروپاغا قايتىش ھەققىدە جىددىي تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى لوپنۇر ۋادىسىغا بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى ياۋروپاغا قايتىدۇ.

1934 ـ يىلى سۋېن ھېدىن تۆتىنچى قېتىم، يەنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم لوپنۇرغا سەپەر قىلىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغانىدى. سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خېيمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى

ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىملىق سەپەرىدە ئاللىقاچان قېرىپ بوۋاي بولۇپ قالغان ئۆردەك يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ! سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىدا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويدى، دەريا يۈزىدىن قايتقان قىزغۇچ نۇرلار قۇمغاق ساھىلدىكى توغراق ۋە چاتقاللارنىڭ ياپراقلىرىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. قېيىقنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پالاق ئۇرۇۋاتقان سادىق تۇيۇقسىز توۋلىۋەتتى:

—ئۆردەك كەلدى!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياۋا ئۆردەكنىڭ قايسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرمەكچى بولدۇم. ئەمما كۆز ئالدىمدا ياۋا ئۆردەك ئەمەس، بەلكى قىرغاقتا ئىككى ئاتلىق كىشى ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئايرىلغىلى 30 نەچچە يىل بولغان لوپنۇرلۇق دوستۇم ئۆردەكنى تونۇدۇم. توۋا، ئۇ راستىنلا ئۆردەك ئىدى! ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ، بوي بەستى مۈكچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساغلام ۋە تىمەن ئىدى.

مەن قېيىقنى قىرغاققا ھەيدەشنى بۇيرىدىم. ئۆردەك ئاتتىن چۈشۈپ، كىمىگە چىقتى ۋە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان پېتى مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ياش، تەمبەل ئۆردەك ئەمدىلىكتە قېرىغانىدى. يىللار ئۇنىڭ قاتاڭغۇر جىسمىغا ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئىزلىرىنى سالغانىدى. يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەن بولۇپ، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۈستىگە كونىراپ رەڭگى ئۆڭگەن چاپان كىيگەن، بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلىغان، بېشىغا تېرە مالخاي كىيگەن ئۆردەك ماڭا ئۆزۈن زامانلار ئىلگىرىكى لوپنۇرلۇقلارنى ئەسلەتتى.

—ئۆردەك، بۇنىڭدىن 32 يىل بۇرۇن بىز خوشلاشقاندىن كېيىن، سەن كۈنلىرىڭنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟

—ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلغان كۈندىن باشلاپ، ماڭا خۇدايىم رىزقىمنى بېرىپ كەلدى. يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ئۆزلىرىنى قايتا كۆرەرمەن دېگەن خىيالدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم.

— بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى قانداق ئۇقتۇڭ؟

—بىر ئاينىڭ ئالدىدا يېڭىكۆل تەرەپتىن كەلگەن بىرسى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ كورلىغا كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى. شۇندىن تارتىپ مەن ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم. 32 يىل ئىلگىرى بىز قەشقەردە ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۆزلىرى ماڭا ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتقان ئىدىلە، مەن ئۆزلىرىنى كۈتتۈم، ساقلىدىم. لېكىن قايتىپ كەلمىدىلە، ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى. بۈگۈن دىدار كۆرۈشتۇق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاخىر ئەمىن تاپتى!

ئۆردەك 1899 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ، يېڭىكۆلدىن چەرچەن تاتىراڭغىچە بولغان تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىگە قاتناشقانىدى. 1900ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆردەك تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، تۇساتتىن قەدىمكى كرورەن شەھەر خارابىسىنى بايقىغانىدى ۋە مېنى ئۇيلاپ باقمىغان مۆۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى، 1901 ـ يىلى تىبەت ئېگىزلىكىدىكى لاساغا قىلغان سەپىرىمگىمۇ يول باشلاپ ماڭغانىدى. تىبەت ئېگىزلىكىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئۆردەكنىڭ چېدىرىمغا ئۈسۈپ كىرىپ، مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ «بىر ئادەم كەلدى» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مەن 1901 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە يول باشلىغۇچۇم ئۆردەك بىلەن خوشلاشقانىدىم. ئۇ مېنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىمدىكى ئەڭ سادىق بۇرادىرىم ئىدى.

مانا بۈگۈن قېيىقچى سادىقنىڭ «ئۆردەك كەلدى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالدىمدا ماڭا قاراپ تۇرغان كونا ھەمراھىم ئۆردەكنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ بىر زامانلاردا تىبەت ئېگىزلىكىدە قۇلىقىمغا ھودۇقۇش ئىچىدە پىچىرلىغان «بىر ئادەم كەلدى» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. يىللار بىزنى قېرىتقانىدى. بىز ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىمىزدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشتۇق.

ئۆردەكنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر ئاتلىق يىگىت ئۇنىڭ ئوغلى سادىق ئىكەن. بىز قەشقەردە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆردەك لوپنۇرغا قايتىپ كېلىپ توي قىپتۇ. يېڭىكۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چارا دېگەن جايدا قومۇش سائما تىكىپ، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا تايىنىپ ياشاپ كەپتۇ.» [9]

سۋېن ھېدىن يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆردەك بۇ قېتىم يەنە بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزگە



سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلىدە

قوشۇلدى. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىللار ئىلگىرى بىر مۇنچە شەھەر خارابىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۆيلەر ۋە بۇتخانىلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بىز قىزىقىپ دەرھال ئۆردەكنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندۇق. لېكىن شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى نامەلۇم شەھەر خارابىسىنى تاپالمىدۇق. ئۆردەك يەنە نۇرغۇن خارابىلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى ـ بۇ، ئەمما زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بىز شۇ چاغدىلا ئۆردەكنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ بىر خىل خاتا تۇيغۇ ۋە بىنورماللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدۇق. ئۆردەك راستتىنلا قېرىغانىدى! ئۇنىڭ 1900 ـ يىلىدىكى جاسارىتى ۋە ھۆكۈم ئىقتىدارىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. خاتىرىسى خېلىلا چېكىنگەن بولۇپ، خىيالىي تۇيغۇ بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، ئۆردەك بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتىم، شۇندىن باشلاپ ئۇنى قايتا كۆرمىدىم. كېيىن بىلگىنىمدىن ئاڭلىسام ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپتۇ. مەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندە ئۆردەكمۇ ئەترەتتىن ئايرىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ تىكەنلىكتىكى بىر بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئۇن ـ گۈرۈچ لازىملىقىنى، پۇلىنى كېيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەگ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بىرمۇنچە ئۇن ـ گۈرۈچ بېرىپتۇ. لېكىن ئۆردەك بۇ نەرسىلەرنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە بەرمەي ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆردەكنى قولغا ئالغۇزۇۋېتىپتۇ.

بىچارە ئۆردەك! ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشمىگەن بولسام ياخشى بولاركەن. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قېتىم ماڭا بەرگەن تەسىراتى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمىدى، بۇنى پەقەت بىزنىڭ دوستلۇقىمىز جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر كېلىشمەسلىك دېيىشكىلا بولاتتى، خالاس. مەن مۇشۇ ئىش تۈپەيلى 1900 ـ يىلىدىكى تەكلىماكاندا ئۆردەكنىڭ ماڭا قالدۇرغان گۈزەل خاتىرىلىرىنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ كېتىشنى خالىمايمەن!...» ⑩

6

شۇندىن بۇيان، سىرلىق لوپنۇر ۋادىسىغا ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر قايتا كەلمىدى. بىر مەھەل قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچسىز سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ بۇ دولقۇننى توسۇپ قويدى.

لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. لوپنۇرلۇقلارمۇ ئانا كۆلىنىڭ تەدرىجىي قۇرۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى

تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشتى ۋە ئېرىم ئېگىلىكىنىڭ قويىنىغا سىڭىپ كەتتى.

ئەمدىلىكتە لوپنۇر كۆلى ۋە بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار رىۋايەتكە ئايلاندى. ئابدال، قاراقۇرچىن قاتارلىق سىرلىق كەنتلەر، قۇمۇش ساتمىلار، دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بېلىق پۇراقلىرى ھەم رىۋايەتكە ئايلاندى. كۇنچىققانبەگ، توختىشاخۇن ۋە ئۆردەك قاتارلىق ۋۇجۇدى تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇقلارمۇ رىۋايەتكە ئايلاندى...

لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ يەردىكى ئىنسانلارنى چۆچۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە ـ تەدبىرلەر ئۇزاققىچە ئەمەلىيلەشمىدى. تارىم دەرياسىنى بويلاپ، ھەسسىلەپ ئۆزلەشتۈرۈلۋاتقان بوز يەرلەر بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئەسىرلەر بويى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان تىنىقىنى بارغانسېرى سۇسلاشتۇرۇپ باردى. ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىمى لوپنۇر كۆلى تۇرماق، كېيىن بىنا بولغان تىكەنلىك يېزىسىنىڭ نېرىقى پېقىنچىمۇ ئېقىپ بارالمايدىغان بولدى. يەر ئىسلاھاتى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، بوز ئېچىش دولقۇنلىرى داۋامىدا، تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇرغىچە ئېقىپ بارىدىغان بۆلىكى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى پايانسىز توغراقلىق ئاستا ـ ئاستا ۋەيران بولدى. قۇم بورانلىرى يىلدىن يىلغا كۈچىيىپ بوستانلىقلارغا بېسىپ كىردى ۋە كىشىلەرنى بارغانسېرى ئويمانلىقنىڭ گىرۋىكىگە سۈرۈلۈشكە مەجبۇر قىلدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دولقۇنلىرى بۇ يەرگە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەسسەسىز ئېقىمىنى ئېلىپ كىردى. لوپنۇرلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەسىرلەر بويى تارقىلىپ كەلگەن بېلىق پۇرىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ھالدا، ئۆز ئۆتمۈشىگە ئەلۋىدا دېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئۇلار لوپنۇر كۆلى ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن تەبىئىي ھاياتىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ، قۇمۇش ساتمىلاردا چۈشىگەن كىرورەن چۈشىنى مەڭگۈ ئەسلىيەلمەيدۇ خۇددى سۋېن ھېدىن لوپنۇردىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان خاتىرىسىدە يازغىنىدەك: «ئەمدى بۇ يەردە كارۋانلار قايتا كۆرۈنمەيدۇ. قاتار تىزىلىپ بارخانلار ئۈستىدە ماڭىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرىمۇ ياڭرىمايدۇ. پوچتا هارۋىلىرى بىلەن ئاتلىق يولۇچىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. ئىلگىرىكى ھەممە كۆرۈنۈشلەر بىر ـ بىرلەپ غايىب بولىدۇ. شۇنداق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسى بىلەن ماشىنا، تېخنىكىلىرىنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى يېقىن كەلگۈسىدە بۇ يەردە تارىخنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە شېئىرىي تۇيغۇنى كەلمەسكە ئېلىپ كېتىدۇ!...» ⑪

مانا بۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرلىق تەزكىرىسى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ھېكايىسى، كۆچمە كۆلنىڭ رىۋايىتى... بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى تارىملىقلار مانا مۇشۇ كۆزنەكتىن ئۆزىنى تونۇيدۇ ھەمدە كېلىچەكىنىڭ شولىسىنى كۆرىدۇ!

(ئىزاھاتلار)


①، ②، ③ نىكولاي پىرژىۋالسكى: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 160 ـ، 116 ـ، 118 ـ، 119 ـ بەتلەر.

④ گابرىيل بونۋالوت: (فرانسىيە)، «ئادەمسىز جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 99 ـ 100 ـ بەتلەر.

⑤، ⑥، ⑦، ⑧ نىكولاي پىرژىۋالسكى، يۇقىرىقى ئەسەر 123 ـ، 262 ـ، 263 ـ، 284 ـ، 132 ـ، 145 ـ، 137 ـ، 138 ـ بەتلەر.

⑨، ⑩، ⑪ سۋېن ھېدىن: «كۆچمە كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ، 20 ـ، 52 ـ، 54 ـ، 122 ـ بەتلەر.


مۇھەررىرى: **يۈسۈپ ئىسھاق**



# ھېكمەت خەزىنىسى

ئىلاۋە:
*مەزكۇر قىسسە ـ «ھېكمەت خەزىنىسى» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى ئابدۇللەتىيوم ئىسمىلىك موللا ئابدۇلناسىر دېگەن ئادەم مۇنداق يازىدۇ: «ئەبۇئەلى سىنا قىسسى» ھىجرىيىنىڭ 1281 ـ يىلى قازانلىق بىر ئادەمنىڭ ھىممىتى بىلەن بىر قېتىم نەشر قىلىنغان ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭدا ئەرەب ۋە پارسچە ئىبارىلەر كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنىڭ پايدىلىنىشى قىيىن بولدى... شۇڭا، قىسسە ۋە ھېكايەتكە ھېرىسمەنلەرنىڭ ھۇزۇرى ئۈچۈن... تەرجىمە قىلساملىكەن دەپ ئويلايتتىم... تەۋەككۇل قىلىپ، كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قەدەم قويدۇم».*

*نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن*

## مۇقەددىمە

## ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشى

رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن مەلۇمكى، ھىجرەتنىڭ ئۈچيۈز يەتمىش ئۈچىنچى يىلى بۇخارا ۋىلايىتىنىڭ شەجەئ دېگەن يېرىدە بىر ئاتا، بىر ئانىدىن قوشكېزەك ئىككى بالا دۇنياغا كېلىپ، بىرىنىڭ ئىسمىنى ئەبۇئەلى سىنا يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى ئەبۇلھارىس دەپ ئاتاشتى.

«شەجەئ» دېگەن سۆز ئەبۇئەلى سىنانىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنىڭ تارىخىدۇر. (يەنى ھىجرىيە 373 ـ يىل بولۇر) ۋاپاتى سەمەرقەنددۇر. «سەمەر قەند» دېگەن سۆز ھەم ئۇنىڭ ۋاپاتى تارىخىغا بەلگىدۇر.

ھىجرىيە 454 تە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆمرى 81 ياشتا ئىدى. سەمەرقەند تۇپرىقىدا دەفنىگە ئېلىندى. ۋاپاتى ھەققىدە كىتابنىڭ ئاخىرىدا بايان باردۇر.

بۇ ئىككى بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئىلىم ـ ئەدەپ ئۆگىنىش ئۈچۈن مەكتەپكە بېرىلدى.

ئەبۇلھارىس بىر قەدەر سېزىملىك ئىدىكى، لېكىن، ئەبۇئەلى سىنا بولسا شۇ قەدەر زېرەك ۋە ئۆتكۈر زېھىنلىك، چاققان ئىدى. سۆيپتىنى تەئبىردە كۆرستىش قىيىن ئىدى.

ئۇ مەجلىس ۋە سۆھبەتلەردە پەم ـ پاراسەت ۋە زېھنى ئۆتكۈرلۈكتە ئەقلىنى ھەيران قىلاتتى. كىشلەرنىڭ دىللىرىغا ھېكىم ئەفلاتۇننىڭ باراۋەرىنى ھېس قىلدۇراتتى.

ئۇنىڭ خىسلەت ۋە پەزىلەتلىرى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ زوق ـ شوق بىلەن ھېكايە قىلىشىغا مەزمۇن بولاتتى. تەگتۇش باللار ئۆز ئارا ئۇنىڭ زېرەكلىكىنى تالىشاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ پەم ـ پاراستىنى

سىناش ئۈچۈن ئۇ يوق ۋاقتىدا ئەبۇئەلى سىنا ئولتۇرىدىغان جاينىڭ ئاستىغا بىر تاۋاق قەغەزنى قويۇپ قوياتتى. ئەبۇئەلىسىنا كېلىپ ئولتۇرغاچ ئەجەبلىنىپ بىر سىنىپنىڭ تېمىغا، بىر پولغا قارايتتى. باشقىلار: «نېمانچە قاراپ كېتىسەن» دەپ سورىسا، ئۇ: «بىلمىدىم، سىنىپنىڭ تېمى يا بىر ئاز پەسلىنىپتۇ، ياكى پول بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىشقىلىپ كۆندىكىدەك ئەمەس» دەپ ئولتۇرغان جاينىڭ ئاستىدا بىر تاۋاق قەغەزنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالاتتى.

ئەبۇ ئەلى سىنا شۇ تەرىقە پەم - پاراستى ۋە زېرەكلىكى بىلەن ئون ئىككى ياشقا بارغانغا قەدەر كۆپ ئىلىملەرنى هاسىل قىلىپ، ساۋاقداشلىرىغا تۈرلۈك ئىلىملەردىن دەرس بېرىدىغان بولدى. ئەمما ئۆزى تېخى سەبىيلىك دەرىجىسىدىن چىقمىغانىدى. هەر كۈنى دەرس ئوقۇپ، شاگىرت دوستلىرىغا ساۋاق بېرىپ، ئاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئويۇنغا چىقاتتى.

ئۇ، بۇخارا، سەمەرقەند تەۋەسىدە ئۆگىنىدىغانلىكى بىلىملەرنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئاكىسى ئەبۇلھارىس بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چەت مەملىكەتلەردىن ئىلىم ئىزدەش قارارىغا كېلىشتى ۋە بۇخارا تەۋەسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ، مەغرىب زېمىنىدىكى بىر شەھەرگە كەلگەندە، بۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن توختاپ هاردۇقىنى چىقارماقچى بولۇشتى. تەسادىپەن شۇ چاغدا بۇ يۇرتنىڭ جاكارچىسى كوچىغا چىقىپ جاكار قىلىپ: «ئى خالايىقلار ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئەتە گۈمبىزى دەۋۋارنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ، هەر كىمنىڭ گۈمبەز ئىچىنى كۆرۈش ئارزۇسى بولسا، ئارماندا قالمىغاي» دەۋاتقانىدى. بۇ نىدانى ئەبۇ ئەلى سىنا بىلەن ئاكىسى ئەبۇلھارىس ئاڭلاپ هەيران بولدى ۋە مۇشۇ يەرلىك بىر دەرۋىشتىن «گۈمبىزى دەۋۋار قانداق جاي، جاكارچىنىڭ سۆزىنىڭ مەناسى نېمە؟» دەپ سورىدى. دەرۋىش ئېيتتى:

— هەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدا پىساغورىس ئىسىملىك بىر هۆكۈما، ئالىم كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ كىشى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋە ئىلمىي سىميا (فىزىكا) بىلەن ئىلمىي كىميا (خىمىيە) نى تۈگىتىپ ئوقۇغانىدى. ئۇ، شۇ زاماننىڭ رەسمىيىتى بويىچە ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىرىگە ئاساسەن، ھەقتەئالانىڭ تەۋھىد سۈپىتىگە بېغىشلاپ بىر كىتاب يېزىپ، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ هۇزۇرىدا قويغاندا، پىساغورىسقا كۆپ ئاپىرىن ۋە تەھسىن ئېيتىلغان ھەم «تەۋھىد» ئۇنۋانى بېرىلگەنىدى.

هەزرىتى داۋۇت ۋاقىتلىق ئالەمدىن مەڭگۈلۈك دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسى بىلەن پادىشاھلىقى ئوغلى سۇلايمانغا مىراس قالدى. بۇ چاغدا پىساغورىس ئۆزىنى پىنھان چەتكە ئېلىپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېقىن يولىمىدى، ئادەم بۇيرۇسىمۇ كەلگىلى ئۇنىمىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ هالدىن دەرغەزەپ بولۇپ پىساغورىسنىڭ قېشىغا لەشكەرلىرىنى ئەۋەتتى.

پىساغورىس ئالىم كىشى بولغاچقا، ئىلمىي سىميا (فىزىكا ئىلمىي) نىڭ قۇۋۋىتىنى جارى قىلىپ، بەئەينى هەزرىتى سۇلايماننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ تەقلىتىدە لەشكەر پەيدا قىلىپ مەيدانغا هازىرلىدى.

ئىككى لەشكەر رو - بىرو تۇرغاندا، هەزرىتى سۇلايماننىڭ لەشكىرى ئارىسىدىكى قارا ئاتلىقلار ئايرىلىپ جەڭگە چۈشتى. پىساغورىسمۇ دەرهال قارا ئاتلىقلارنى هازىرلاپ جەڭگە سالدى. جەڭ هەر قانچە شىددەتلىك بولغىنى بىلەن نە ئۇنىڭغا زەپەر يۈزلەنمىدى. نە ئۇنىڭغا خەتەر خەۋپى يەتمىدى. هەر ئىككى قوشۇننىڭ كۈچى باراۋەر كېلىپ قالدى.

قارا ئاتلىقلاردىن كېيىن ئالا ئاتلىق، شىرغا ئاتلىق لەشكەرلەر مەيدانغا چۈشۈرۈلدى. هەزرىتى سۇلايمان قوشۇنىدىن قانداق قىياپەتلىك ئات مىنگەن لەشكەر جەڭگە كىرسە، پىساغورىسمۇ دەل ئاشۇنداق قىياپەتتىكى لەشكەرلەرنى هازىرلاپ جەڭگە سالدىكى، قايسى كىمنىڭ لەشكىرى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشكە مۇمكىن بولماي، ئېلىشىش قىيىنغا چۈشتى.

ئاخىر هەزرىتى سۇلايمان بىر جانىئە دىۋە - پەرىلەرنى شامال يەڭلىغ پەرەندە لەشكەرلىرىنى جەڭگاهقا چۈشۈردى. پىساغورىسمۇ ئۆز هۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، دەل ئاشۇ سۈرەتلىك لەشكەرلەرنى پەيدا قىلىپ ئۇرۇشقا سالغاچقا، هېچقايسى تەرەپكە يا نۇسرەت، يا خەتەر يۈزلەنمىدى. شۇ سەۋەبتىن تىنچلىق ناغرىسى چېلىنىپ هەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەڭدىن توختىدى. ئۆز ئەلەم (بايراق) لىرى ئەتراپىغا جەم بولۇپ ئارام ئېلىشتى.

هەزرىتى سۇلايماننىڭ ناهايىتى ئىچى پۇشۇپ، ئاتىسى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ روهىدىن مەدەت تىلەپ ئولتۇرغانىدى، پىساغورىس ئالىم ئۇرغۇن پىشكەش، سوۋغا - هەدىيىلەرنى ئېلىپ هەزرىتى سۇلايماننىڭ خىزمەتلىرىگە كەلدى. بۇ هالدىن هەم هەيران، هەم خۇشال بولغان هەزرىتى سۇلايمان:

— بىر نەچچە قېتىم مۇلازىمەت قىلىپ ئادەم ئەۋەتسەم كەلمىدىڭىز، ئىلاج بولماي لەشكەر باشلاپ بېرىشقا مەجبۇر بولغانتىم، مانا ئەمدى ئۆزىڭىزچە

كېلىپسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى، پىساغورىس ئۆزرە ئېيتىپ ۋە ئەپۇ سوراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مەن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ۋەجىدىن شۇنداق قىلدىم: بىرىنچىسى، جانابلىرى ياش، ناۋادا كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسام، نەزەرلىرىدىن چۈشۈپ ئاسىي بولۇپ كەتمەي دېدىم: ئىككىنچىسى، جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئىنس ـ جىن، دىۋە ـ پەرى ۋە غەيرىي مەخلۇقلار باردۇر، شۇنداقلا پادىشاھ ـ پادىشاھزادىلەرمۇ كۆپتۇر. ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمايلا خىزمەتلىرىگە كەلسەم، مېنىڭ ئىززەت ـ ئېتىبارىم بولمايدۇ. شۇڭا ئىلمىي سىميانىڭ ئالامەت كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى كۆرسەتتىم ...

پىساغورىسنىڭ بايانى ھەزرىتى سۇلايمانغا مۇۋاپىق كۆرۈنۈپ، ئۇنى ئەپۇ قىلدى ۋە ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىنى بەردى، تاكى ئۆمرى ئاخىرىغا قەدەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئىلمىي كىميا ۋە ئىلمىي سىميا، ئىلمىي ئەخپا (ئەل كۆزىدىن غايىپ بولۇش ھۈنىرى) نىڭ سىرلىرىنى ئاشكارا قىلىپ تۇردى.

ۋاقتىكى پىساغورىس قېرىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىرىدا، «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىلمىي ھېكمەت كىتابلىرىم نا ئەھلى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ خار بولمىسۇن، يامان غەرەزلىك كىشىلەر ئۇ كىتابلاردىن ئۆز مۇددىئاسى بويىچە پايدىلىنىپ كەتمىسۇن» دەپ ئويلاپ، ئىلمىي ھېكمەت كۈچى بىلەن تىلسىملىق بىر گۈمبەز بىنا قىلدى. كەشىپ ـ ئىختىرالىرى خاتىرىلەنگەن جەمئىي كىتابلىرىنى ئەنە شۇ گۈمبەزگە قويدى ۋە بۇ گۈمبەزنىڭ نامىنى «گۈمبىزى دەۋۋار» دەپ ئاتىدى.

«گۈمبىزى دەۋۋار» نىڭ ئىشىكى يىلدا بىر قېتىم چەكلىك سائەت ئىچىدە ئېچىلىدۇ. شۇ ئۈچ سائەت ئىچىدە قىزىققۇچىلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ پىساغورىس ھۆرمىتىگە بېغىشلاپ ئىككى رەكئەت خالىس ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئارزۇلىغان كىتابنى تېپىپ ئوقۇسا ۋە يادلىۋالسا دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى كامالىغا يېتەر. ئەمما ئۇ يەردىكى كىتابلارنى گۈمبەزنىڭ سىرتىغا ئاچىققىلى بولمايدۇ، كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ناۋادا كىمكى شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنسا، تىلسىمات تەرىپىدىن ھالاك بولىدۇ.

دەرۋىشتىن بۇ تەپسىلاتلارنى ئاڭلىغان ئەبۇئەلى سىنا ۋە ئاكىسى ئەبۇلھارىس «گۈمبىزى دەۋۋار» غا ناھايىتى بەك قىزىقتى. ئۇلار: «ئۈچ سائەت دېگەندە ھېچقانچە ئىلىم ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، بىز بۇ يىل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تەييارلىقلارنى يەتكۈدەك قىلىپ، يىمەك ـ ئىچمەك، چىراغ يېغى قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى غەملىۋالغاندىن كېيىن، كېلەر يىلى ‹گۈمبىزى دەۋۋار› ئېچىلغاندا بىر كىرگەنچە چىقماي 12 ئاي ئۇ يەردە ئۆگەنسەك، ئەجەپ ئەمەسكى، ئارزۇ ـ مۇرادىمىز ھاسىل بولغاي» دەپ مەسلىھەتلەشتى.

شۇنداق قىلىپ ئاكا ـ ئۇكا بۇ يەردە قالدى. ھەر كۈنى بىر دەرھەم زەرنى زەيتۇن يېغى بىلەن قېتىپ يېپىشكە ئادەتلەندى، بىر ئايدا بىر مەرتىۋە سۇ ئىچىشكە قانائەت قىلىشنى مەشىق قىلدى. ئاھۇ (كېيىك) نىڭ يۈرىكىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئۇنى ئېزىپ، بادام يېغى بىلەن قېتىپ كۇملاچ ياسىغاندىن كېيىن، تاكى 40 كۈنگىچە كۈن نۇرىغا قاقلاپ قۇرۇتتى، بۇ كۇملاچنى بىر تال يېسە، 40 كۈنگىچە توق يۈرەلەيتتى.

مۇشۇ خىل تەييارلىق بىلەن ئۇلار جىمى لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ، ئۆزلىرىنىمۇ چېنىقتۇرۇپ «گۈمبىزى دەۋۋار» نىڭ ئېچىلىدىغان سائىتىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

بىر يىل ئۆتۈپ ۋاقتى سائەت توشتى. جاكارچى «گۈمبىزى دەۋۋار» غا كىرىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى مەلۇم قىلدى. ئەبۇ ئەلى سىنا بىلەن ئەبۇلھارىس كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ خالايىق بىلەن بىللە گۈمبەزگە كىردى. ئەمما سائەت توشقاندا ئەل كۆزىدىن ئۆزىنى يوشۇرۇپ گۈمبەز ئىچىدە قېپقالدى.

ئەبۇئەلى سىنا بىلەن ئەبۇلھارىس دەرھال ھېكمەت چاقمىقىنى چېقىپ چىراغ ياندۇرۇپ گۈمبەز ئىچىنى تاماشا قىلدى. قارىسا، كۆز كۆرمىگەن ئاجايىپ ئىمارەتلەر ۋە غارايىپ سۇپىلار، تاكچىلاردا توپ ـ توپ ھەيۋەتلىك كىتابلار تۇرۇپتۇ، ئۇلار تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، بۇنىڭ ساۋابىنى پىساغورىسنىڭ روھىغا بېغىشلاپ بولغاندىن كېيىن، تىلسىماتلارنى بويسۇندۇرۇپ دائىرە تارتتى. ئۇندىن كېيىن كىتابلارنى ئالدىغا قويۇشۇپ ئوقۇشقا، مۇتالىئە قىلىشقا مەشغۇل بولدى.

ئۇلار بىر يىل نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاپ «گۈمبىزى دەۋۋار» غا قويۇلغان كىتابلارنى ئوقۇپ مەزمۇنىنى يادلاشتى، بەزى قىيىن ئىبارىلەرگە دۇچ كەلگەندە، پىيازنىڭ سۈيى بىلەن يېزىۋېلىشتى، چۈنكى لازىم بولغاندا ئۇنى ئوتقا قاقلىسا، يېزىلغان خەت ئاشكارا بولۇر ئىدى. ئەمما ئاكا ـ ئۇكا ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىپ، ھاسىل قىلغان ئىلىملىرىنى بىر ـ بىرىدىن پىنھان تۇتۇشتى.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككىيلەن «گۈمبىزى دەۋۋار» دا ساق بىر يىل بىلىم تەھسىل قىلدى. ۋاقتا نە ـ ۋاق كېلىپ يەنە گۈمبەز ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئىچىگە ئادەملەر كىرىشكە باشلىدى. كىرگەن ئادەملەر كۆردىكى، ئىككى كىشى گۈمبەز ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ

چاچ ـساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاجايىپ بەدنەھما (قورقلاغ) كۆرۈنەتتى.

شۇ كەملەردە بۇ شەھەرگە ئىككى جادۇگەر پەيدا بولۇپ، شەھەر خەلقىنى بوزەك قىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ يۈرمەكتىدى. بۇ جادۇگەرلەرنى تۇتماققا ھۆكۈمەتمۇ، پۇقرامۇ ئاجىز كەلگەنىدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئەبۇ ئەلى سىنا بىلەن ئەبۇلھارىسنى كۆرگەن كىشلەر ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە قاراپ «جادۇگەرلەر مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، دەرھال تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇلارنى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

پادىشاھنىڭ ئادالەت بىلەن ئاداۋەتنى، كۇندۇز بىلەن كېچىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، غەپلەت بىلەن جاھالەتنى ئايرىيالماسلىقى: نادانلىق، ئەخمەقلىق ۋەجىدىن جاۋابكاردىن گەپ سورىماي، جىنايەتكە گۇۋاھلىق تەلەپ قىلماي، چىقىمچىلارنىڭ گۇمانىغا ئاساسلىنىپلا دارغا ئېسىش جازاسى بېرىلگەنلىكىگە ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، كۆپ ئەپسۇسلاندى. ئۇلار: «ۋاھ، ئەجىبا شۇنچە مېھنەت ـ مۇشەققەت تارتىپ بىلىم ھاسىل قىلىپ، ئاخىرىدا زالىم پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن دارغا ئېسىلىپ، بىئەجەل ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ؟ بۇنداق ئۆلۈش ئەيىپ ئەمەسمۇ؟ توختا، ئۆگەنگەنلىرىمىزدىن زەررىچىلىك كارامەت كۆرسىتىپ، ھايات قېلىشنىڭ پەيتى كەلدى!» دەپ ئويلىدى. ئاۋۋال ئەبۇئەلى سىنا بىر ئەپسۇن ئوقۇۋېدى. جاللاتلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ، پادىشاھ ئولتۇرغان سۇپا ئالدىدىكى كۆلگە كىرىپ ئەل كۆزىدىن غايىپ بولدى.

ئوردا ئىچىدىكى ئادەملەر ھەيران ـ ھەسلىكتە بارماقلىرىنى چىشلىشىپ قالدى. ئۇلار پەرمان بويىچە بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى چېچىپ قۇرۇتقاپ، ھەتتا كۆلنىڭ تېگىنى كولاپمۇ ئەبۇ ئەلى سىنانى تاپالمىدى.

مۇشۇ چاغدا، ئەبۇلھارىسمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر ئەپسۇن ئوقۇغىنىچە جاللات قولىدىن ئاجراپ، تامنىڭ تۆشۈكىگە بېشىنى تىقىپلا ئەل كۆزىدىن غايىب بولدى. خالايىق بۇ ھاۋادىساتلارنى كۆرۈپ ئاڭ ـ تاڭ قېلىشى، بۇ خەۋەر بىردەمدىلا شەھەرگە پۇركەتتى، كىشلەر بېھىساب ئەندىشە، قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. گويا ھەشرى ـ نەشرى قىيامەت قايىم بولغاندەك ماجرالار كۆتۈرۈلدى. ئۇلار تاملارنى چېقىپ قانچە ئاۋارىچىلىق تارتىپمۇ ئەبۇلھارىسنى تاپالمىدى. خالايىقلار «ۋادەرىخ، نەق جادۇگەرلەرنىڭ ئۆزى مۇشۇ ئىككىسكەن» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنى پانادىماقنىڭ غېمىگە چۈشۈشتى...

بۇ چاغدا ئەبۇ ئەلى سىنا ھېلىقى كۆلگە باش چۆكۈرگەنچە بېرىپ نىل دەرياسىدىن چىقىپ مىسىر

ۋىلايىتىدە ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. ئەبۇلھارىس بولسا، تامنىڭ كامىرىدىن كىرگەنچە باغداد شەھىرىگە ئۆزىنى ئالدى.

نەزمە:

سېھىر دېگەي ـ ئىلمىي سىميا دېگەي،
ئەسلى بىرلىك لەۋزى گويا دېگەي.
جادۇيى سېھىرگەر كارى مەردۇتتۇر،
قىلسا لېكىن زور مەۋجۇدتۇر.
گەر ئۇمىد ئەتسە كىم نائۇمىد ئەتمەس،
بى ئىرادە ۋەلىك زور ـ دىت ئەتمەس.
ئىلمىي ئەخپا تۇرۇر كۆرۈنمەسلىك،
خالايىق ئىچرە ئىشى بىلىنمەسلىك.
سۈرمە ـ دورا قويۇر كۆزى بەسىر،
لىك، ئول، سۈرمە تۇرۇر بەلەن ـ نادىر.
كىميا سەنئىتى رىيازەتلىك،
ئەد ـ ئىرادە بىرلە شىرىكەتلىك.
قەۋلى پەيغەمبەر رەسۇلى ئەكمەل،
ھەر ئۆلۈمكى جىھلىدىن ئەفزەل.

## ئەۋۋەلقى خىيال ـ ئوبۇلھارىس بىلەن باغداد پادىشاھى ئوتتۇرىسدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر

ئەبۇلھارىس «گۇمبىزى دەۋۋار» ئېچىلغاندا، كىشلەر تەرىپىدىن «جادۇگەر» دېگەن گۇمانغا قېلىپ، خاتاھالدا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىر تامنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ خالايىق كۆزىدىن غايىپ بولغىنىچە ئۆزىنى باغداد شەھرىگە ئالدى. ئۇ باغداد كوچىلىرىدا ئاۋارە ـ سەرگەردان بولۇپ يۈردى. ئەبۇلھارىس بىر يىل «گۇمبىزى دەۋۋار» ئىچىدە تۇرۇپ، قاراڭغۇدا ئاپتاپ كۆرمەي ياتقانىنىڭ ئۈستىگە، بوھتانغا ئۇچراپ، «جادۇگەر» دەپ تۆھمەتلىنىپ، جېنىنى ئاران ساقلاپ قالغاچقا، ناھايىتى مەيۈسلىنىپ ئەندىشە ئىچىدە پىكرى چېچىلىپ، ھېچبىر ئىشقا رايى بارماي لاغايلاپ بىكار يۈرەتتى. ئەمما ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلمىسا بولمايتتى.

ئۇ، «بۇ شەھەردە بىر ھاممام بىنا قىلىپ، ئاڭا ئىگىدارچىلىق قىلسام، ئۇنىڭدىن چۈشكەن كىرىم بىلەن تىرىكچىلىكىمنى ئۆتكۈزسەم...» دېگەنلەرنى خىيال قىلدى ـ دە، تاغقا چىقىپ 40 دانە ياغاچنى كېسىپ، بۇ ياغاچلاردىن ئادەمنىڭ شەكلىنى ياسىدى، ئۇلارغا ئۇستىباشلارنى كىيگۈزگەندىن كېيىن، بىر ئەپسۇن ئوقۇۋېدى،بۇ ياغاچلار دەرھال ساھىبجامال خىزمەتكار- غۇلاملار سۈرىتىدە پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سىياق شەكلىدە ۋە ئوخشاش قىياپەت ـ سۈرەتتە ئىدىكى، بۇنداق گۈزەل ۋە بۇنداق ئوخشايدىغان كىشلەرنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى.

ئەبۇلھارىس بۇ غۇلاملارغا ئەمىر ئەيلەپ يەتتە كۈندە 40 گۈمبەزلىك هامام، هەر گۈمبەزگە بىردىن چەشمە (بۇلاق) بىنا قىلدۇردى.

هامام لار پۈتكەندىن كېيىن، هەر گۈمبەزگە مەسئۇل سەردار ۋە هەر بىر سەردارغا مۇۋاپىق خىزمەتكارنى تەيىن ئەتتى.

ئەبۇلھارىس بىنا قىلغان بۇ هاماملارنىڭ هەربىرى 40 ئارىلىق (بۆلەكلىك) ئىدى. 40 گۈمبەزلىك هامامنىڭ خەۋىرى باغداد خەلقى ئىچىگە تارقىلىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنى كۆرگىلى فۇج ـ فۇج، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمما بۇ يەردىكى سەردار، غۇلاملاردىن تارتىپ خادىمچى (هامامدا كىشىلەرنى يۇيۇپ قويغۇچىلار)، رومالچى (سۇغا چۈشكەنلەرنى لۇڭگە بىلەن ئېرتىپ قويغۇچىلار) لارغىچە هېچكىم گەپ قىلماس، ئەكسىچە ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلىشەرىدى.

بۇ ئەھۋاللار باغداد شاهىنىڭ قۇلىقىغا دەرھال ئاڭلاندى. پادىشاھ شۇ هامان تاماشا قىلماق كويىغا چۈشۈپ، ئوردا ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى ۋە: «بۇنچە ئىشلار ئادەم زاتىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ياسىلىش ئىقتىدار ـ سۈپىتىنى دېمىگەندىمۇ، مۇنچە تېز ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈزۈش قىيىندۇر. بۇ يەردىكى خىزمەتكارلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلا سۆز قىلمايدىكەن، بۇنىڭدا چوقۇم بىر هېكمەت بار» دەپ ئويلاپ، تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، ئوردىغا قايتتى ۋە ئەبۇلھارىسنى تەكلىپ قىلدى.

ئەبۇلھارىس تەكلىپنى دەرھال قوبۇل كۆرۈپ، پادىشاھ سارىيىغا يېتىپ كېلىپ مىڭ بىر تەزىم ـ تەۋەززۇللارنى بىجا كەلتۈردى.

باغداد پادىشاهى ئەبۇلھارىسقا كۆپلىگەن ئىززەت ـ ئىكراملارنى كۆرسەتتى. هەددىدىن زىيادە مەرھەمەت ۋە مېھرىبانلىق بىلەن خۇرسەندىلىك ئىپادە قىلىپ، ئالىي سۈپەتلىك تون ـ سەرۇپايىلارنى تەقدىم ئېتىپ، شاھانە زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئېي زات، هەر قانداق هېكمەتشۇناس بولسىمۇ، يەتتە كۈن ئىچىدە مۇنداق كاتتا ئىمارەتلىك هامامنى بىنا قىلىشقا قۇدرىتىمۇ، ئەقلىمۇ يەتمەيدىغۇ، بۇنىڭ سىرىنى سۆزلەپ باقسىڭىز؟

— ئېي پادىشاھ، — دەپ سۆز باشلىدى ئەبۇلھارىس ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن خىزمەتكارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىر قەبىلە قىرىق تەن خىزمەتكارىم بار، مەن ئۇلارغا خوجايىنلىق دەۋاسىنى قىلىپ يۈرىمەن، ئاشۇلار مېنىڭ پەرمايىشىمنى ئىجرا قىلىپ، يەتتە كۈن ئىچىدە بۇ هامامنى بىنا ئەتتى.

— ئۇنداقتا، بۇلار هەممىسى بىر تۇغقانمۇ؟ — دېدى پادىشاھ سوئالنى تەكرارلاپ، — نېمىشقا هېچقايسىسى سۆز قىلمايدۇ؟

— شۇنداق، بۇلار هەممىسى بىر ئانىدىن تۇغۇلغان، ئەمما ئۇلار تاغدا پەرۋىش تاپقانلىقتىن، سۆز قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا گەپ قىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەبۇلھارىس.

باغداد پادىشاهى ئەبۇلھارىسنىڭ پارىڭىغا هېرىس بولۇپ، بىر مۇنچە سوئاللارنى سورىغانىدى، ئۇ مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى:

— ئېي پادىشاھ، مېنىڭ بۇ غۇلاملىرىمنىڭ هەر بىرسىنىڭ 40 تۈرلۈكتىن هۈنىرى بار، ئاشۇ 40 تۈرلۈك هۈنەردىن پەقەت بىرسىنىلا ئىشلىتىپ بۇ هامامنى بىنا قىلدى، يەنە 39 خىل هۈنەر تېخى بار، بۇلارنىڭ هەر بىرىدىن هەپتىدە بىر پۈت (جىڭ) ئاقچا تاپاۋەت قىلغىلى بولىدۇ. بۇ هۈنەرلەرنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ كارامەتلىكلىرى باركى، مەيلى مەغرىب ياكى مەشرىقتە، خاھى هاۋادا، خاھى دەريادا بولمىسۇن، هەر قانچە مۈشكۈل ئىش دۈچ كەلسە، كۆزنى ئېچىپ يۇمغىچە مۇرادىنى هاسىل قىلغىلى بولىدۇ...

پادىشاھ ئەبۇلھارىسنىڭ بايانلىرىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ: «ئېي هېكىم، ئەختەر شۇناس (ئاسترونوم)، سىز ئېيتقان مۇشۇ هېكمەتلىك هۈنەرلەرنى خالايىققا كۆرسىتىپ، ئۇلارنى هەيران قالدۇرسىڭىزكەن؟» دەپ ئىلتىماس قىلىۋېدى، ئەبۇلھارىس جاۋابەن ئېيتتى:

— ئېي پادىشاھ، بۇ هۈنەرلەرنى خالايىق ئارىسىدا كۆرسىتىپ بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىلۋەت جاي كېرەك.

پادىشاھ ناهايىتى قىزىقىپ قالغاچقا، ئەبۇلھارىسنىڭ هېكمەتلىرىنى كۆرمەك هەۋىسىدە خالىي ـ پىنهان ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئەبۇلھارىس شاھقا ئىلتىماس قىلىپ دېدى:

— ئېي شەھرىيار، هەر قانچە مۇددىئالىرى بولسا ئۇنى ئېيتسىلا، مەن شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلاي، ئىنشائاللا مۇراد هاسىل بولغاي!

پادىشاھ ئەبۇلھارىسقا: «ئېي هېكىم، هېكمەتشۇناس، پېقىر سابا شەھرىنىڭ پادىشاهىنىڭ قىزىغا ئاشىقدۇرمەن، شۇ قىزنىڭ ئۈمىدىدە نەچچە مەرتىۋە ئەلچى ئەۋەتسەممۇ قوبۇل كۆرمىدى. هېچبولماي لەشكەر چىقىرىپ ئۇرۇش ئاچتىم، بىراق مەغلۇب بولدۇم، ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە، شۇ ئىشنىڭ ئىلاجىسىنى قىلسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئەبۇلھارىس بۇ ئىلتىماسنى ماقۇل كۆردى. ئۇ

تەك كېچىدە كېپىشدار غۇلام (ئاياغ ساقلىغۇچى خادىم) نىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇۋېدى، بۇ غۇلام دەرھال غايىب بولۇپ، ئارىدىن بىرەر سائەتمۇ ئۆتمىگەن بىر چاغدا سابا پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

باغداد پادىشاھى بۇرۇن سابا شاھىنىڭ قىزىغا كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىقتى. ئەمدى قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، شەيدالىقى ئۆرلەپ، «ئىككىنچى زۇلەيخا مۇشۇ ئىكەن» دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. بىر سائەتلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى ۋە ئەبۇلھارىسقا شۇنداقلا كېپىشدار غۇلامغا ئاپىرىن ـ تەھسىنلەرنى ئوقۇدى. ئاخىرىدا بۇ ھېكمەتنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەبۇلھارىس: «ئېي پادىشاھى ئالەم، سىرنى يەشكۈچى دىلدار ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ، گەپنى ئاۋۋال ئاشۇنىڭدىن سوراڭ» دېدى. شاھ يۈز تەقەززالىق بىلەن ئۇ نازىنىندىن سوئال سورىغاندى. ئۇ مۇنداق دېدى:

—ئېي پادىشاھىم، ئەدەپسىزلىكىمنى ئەپۇ قىلسىلا، ئالدى بىلەن كەمىنىلىرىنىڭ بىرنەچچە سوئالى بار، سورىۋالسام، ئۇندىن كېيىن سوراقلىرىغا جاۋاب بەرسەم!

پادىشاھ رۇخسەت بەردى، سابا شاھىنىڭ قىزى: «بۇ قانداق شەھەر، ئىسمىنى نېمە دەيدۇ؟ ئۆزلىرى ۋە بۇ كىشى نېمە ئادەمدۇر؟»—دېدى.

پادىشاھ بۇ سوئاللارغا يارىغىدا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى، شۇندىن كېيىن قىز ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

—مەن سابا شاھىنىڭ قىزى بولىمەن، ماڭا شاھ ئاتام ئىچكىرى ـ تاشقىرى ساراي ۋە پىنھان باغچىلارنى تەيىن قىلىپ بەرگەنىدى، خىزمىتىم ئۈچۈن نەچچىلىگەن ساھىبجامال خاس كېنىزەكلەرنى ئاجرىتىپ، خىزمەتكار پاسىبانلارنى بېكىتكەنىدى. مەن ھۇجرامدا تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدىم، بىر چاغدا چىملداق قايرىلدى، بۇ يىگىت قولۇمدىن تارتىپ ئاستا ۋە مۇلايىملىق بىلەن سىرتقا ئىشارەت قىلدى. مۇھاپىزەتچى شۇ قەدەر مەھكەم بۇ قەسىرگە قورقماي كىرىپ مېنى سىرتقا ئىشارەت قىلغان بۇ جۈرئەتلىك يىگىتكە ھەيرانلىقىم زىيادە بولدى. شۇ چاغدا گويا بىرسى پۈتۈن جىسمىمنى تاناپ بىلەن چىرماپ سىرتقا تارتقاندەك بىر خىل ھالغا چۈشۈپ قالدىم، ھەر قانچە قىلساممۇ ئىختىيار ئۆزۈمدە بولماي، بۇ يىگىتنىڭ ئارقىسىغا ئەگەشتىم، مانا ھازىر ئۆزۈمنى مۇشۇ ھالەتتە ۋە بۇ ئالىي قەسىردە كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، باشقا ئىشلارنى بىلمەيمەن...

باغداد شاھى قىزنىڭ ئاغزىدىن يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەبۇلھارىسنىڭ كارامىتىگە ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر ئېيلەپ، تەخت ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپ، شاھانە بەزمە، نازۇ نېمەتلەرنى ھازىرلاپ، تەرتىپ بويىچە ئىززەت ـ ئىكراملارنى تاماملىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئىلمىي سىميانىڭ قۇۋۋىتىگە قايىل بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

تاڭ يورۇدى. شاھنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن ساباشاھىنىڭ قىزىغا ئەبۇلھارىس باغچىلىق كاتتا بىر ساراي ياساپ بەردى. قىزنى خاس خىزمەتكارلار ئالاھىدە پالاسلارغا ئولتۇرغۇزۇپ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نەغمە، ئويۇنلار بىلەن سارايغا ئېلىپ كىردى.

باغداد شاھى كېچىدىن بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى، جۈملىدىن سابا شەھرى پادىشاھىنىڭ قىزىنى بىر سائەت مۇددەتتە باغدادقا يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەن كارامەتنى ئوردا ئاكابىرلىرىگە سۆزلەپ بېرىۋېدى، ئۇلار ئەبۇلھارىسقا ئاپىرىنلار ئوقۇدى. پادىشاھ ئوبۇلھارىسنى ۋەزىرلىككە تەيىن قىلدى. ھەممەيلەن با مەسلىھەت كېڭەشكەندىن كېيىن، سابا شەھرىنىڭ پادىشاھىغا تۆھپە ـ ھەدىيەلەرنى تەييارلاپ، نامە يېزىپ، ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولدى.

## باغداد شاھى سابا شاھىغا تۆھپە ـ ھەدىيە بىلەن نامە يېزىپ، ئەلچى ماڭدۇردى

بۇ مەزگىلدە سابا شەھرىنىڭ خەلقى ھەيران ۋە پەرىشانىدى، چۈنكى مەلىكىنىڭ تۇشتۇمتۇت يوقالغانلىق خەۋەرى ئەتراپقا پۇر كەتكەنىدى.

گەپنى بېشىدىن باشلىساق، مەلىكە ئەتىسى ھۇجرىدىن چىقمىدى. موھاپىزەتچىلەر بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن چارلىغۇچىلار مەلىكە ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى بىر ئىلاجى قىلىپ ئېچىپ، ئىچكىرى كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، مەلىكە تۆشەكتە يوق. ئۇلار ساراسىمىگە چۈشۈپ پادىشاھقا ئەرز ئېيتىشتى. ئۇلار: «ئېي شاھ، ھۇجرا ئىشىكى قۇلۇپلانغان پېتى تۇرىدۇ، دېرىزىلەرمۇ مۇستەھكەم ئۆز پېتى تۇرىدۇ، پاسىبانلارمۇ تۈن بويى ئۇيقۇدىن بىدارىكەن. ئەمما مەلىكە ھۇجرىسىدا يوق، بۇ نېمە ئىش ئىكەن... بىلەلمىدۇق» دېيىشتى.

پادىشاھ بۇ ئاخباراتنى ئاڭلاپ «ئاھ...» دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. بىر چاغلاردا ھوشىغا كېلىپ ئۆلىما ـ ھەكىملەرنى يىغىپ بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ، مەسلىھەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خۇسۇستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇلاردىن خىلمۇ خىل قىياس، گۇمانلار ئوتتۇرىغا تاشلاندى. بەزىلەر «بۇ سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىر ئىشى» دېسە، بەزىلەر «جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئىشى» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا ئىلمىي نۇجۇم (يۇلتۇزشۇناسلىق) بىلەن ششخال تاشلاپ كۆكنى سەيىر ئېتىپ پال ئاچتى، ئەمما پايدىسى بولمىدى. بەزى ئىلىمدار ھەكىملەر «ئىبنى شاھى ئالەم، بىزنىڭ پەممىزچە، ئەرەستۇ (ئارىستوتىل) سۈپەت كىشىلەر ئىلمىي سىمىيا قۇۋۋىتى بىلەن مەلىكىنى باغداد شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى.

سابا شاھى دەرغەزەپ بولۇپ:

ـــ لەشكەرلەر جەم بولسۇن، باغداد شەھىرىگە بېرىپ ئۇ مەملىكەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرۈپ، بايلىقنى تالان ـ تاراج ئەيلەپ، قىزىمنى قايتۇرۇپ كەلسۇن! ـــ دەپ پەرمان چۈشۈردى. پادىشاھنىڭ بۇ پەرمانى ۋەزىرلەرگە ماقۇل كەلمىدى، ئۇلار نەسىھەت شەكلى بىلەن سۆزلەپ دېدى:

ـــ جانابى شاھىمىز ئۇچۇن جېنىمىز پىدا. ئۆزلىرىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلماق، بىزنىڭ بۇرچىمىز. بىراق باغداد شاھى كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭ لەشكىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ. ئۇ نەچچە قېتىم ئۆز يولىدا ئەلچى ئەۋەتىپ قىزىڭىزنى سوراتتى، قوبۇل كۆرمىدىڭىز، ئاخىر ئىشق ئوتى بىلەن يۈرىكى كاۋاپ بولۇپ ئۇستىمىزگە قوشۇن تارتىپمۇ كەلدى. مىڭ مۇشكۈلدە ئاران تاقابىل كەلدۇق. بۇ ئۇرۇشتا قانچىلىغان مال ـ مۈلۈك ۋە نەچچىلىگەن جان نابۇت ۋە ھالاك بولدى، ئەمدىلىكتە مەشۇقى جانان ئۇ شاھنىڭ ئۆز قولىغا چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاڭلىشىمىزچە، ئەبۇلھارىس دېگەن ھېكىم ئۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىمىش. ھەزرىتى سۇلايماندەك پادىشاھ بولسىمۇ، ئاڭا باراۋەر كېلەلمەيدۇ. بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز ـ بۇ ئىشلارنىڭ چارىسى ۋە داۋاسى سەۋرى قىلماقتۇر. سەۋرىگە دەۋەت قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، باغداد شاھى ئاقىل، دانا ۋە زېرەك كىشىدۇر، ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، ئەگەر مەلىكىنى ھەر قانداق يول بىلەن ئېلىپ كەتكەن بولسا، جەرياننى مەلۇم قىلىپ نامە ئەبەرتمەي قالمايدۇ ۋە ئەلچى يوللاپ سىزگە كۈيئوغۇل بولۇش خاھىشىنى چوقۇم بىلدۈرىدۇ. مۇشۇنداق بولسا، ئۇ خوپ مۇناسىپ كۈيئوغۇلدۇر!...

سابا شاھى بۇ مەسلىھەتلىك پىكىرلەرنى ئىشىتىپ ئاچچىقىدىن ياندى ۋە نائىلاج سەۋر قىلماققا قارار بەردى.

راست دېگەندەك، ئانچە ئۇزاققا قالماي ياساۋۇللار «باغداد تەرەپتىن ئەلچى كەلدى!» دەپ خەۋەر ئېلىپ كىردى، ئەلچىلەر كىلىپ شاھانە تەزىم ۋە سالاملارنى بىجا ئەيلەپ، ئېلىپ كەلگەن تۆھپە ـ ھەدىيەلەرنى قويۇپ، نامە (خەت) نى قوش قوللاپ تەگلىدى.

كاتىپ خەتنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداقتى:

نامە: «بەندى خۇدا ۋە سەلۋاتى بەر رەسۇل، دۇئايى پاراۋان ۋە تەھىياتۇ بىپايان ئاداسىدىن سۆگرە مەشھۇر خاتىرە بولغايكىم، جانابلىرىنىڭ پەردە ئەسمەت ئىچرە ئاسرىغان بىر قىزلىرى باركەن، خاسكارلىق ئۇچۇن نەچچە مراتىبە زوجى (ئەلچى) ئەبەرتىپ سورىدىم، مەقبۇل بولمىدى. ئاخىرىل ئەمرى ھەزرىتى ۋاجىپ تەئەلا مەن كەمىنىگە بىر ھەكىم ئەپلاتون تەبىئىي ۋە ئەرەستۇ سۈپەتنى ئاتا قىلدى. ئۇل ھەكىم ئىلمىي ھېكمەت بىلەن بىر ھامامنى يەتتە كۈندە بىنا قىلىپ ۋە يەنە 40 غۇلام زىباروينى خۇش سۈرەتلەرگە ئوخشاش ئاپىرىدە قىلدىكى، بۇ غۇلاملارنىڭ ھەممىسى بىرخىل شەكىللىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن گۈمبەزگە تەيىن قىلىپ بىر خىل خىزمەتكە مۇئەككەل ئەيلەمىش. بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ يەنە 40 تۈرلۈكتىن ھۈنىرى باركەن، بىرلا ھۈنىرى قىزىڭىزنى بىر سائەتتە شەھىرى سابادىن باغدادقا ئېلىپ كەلمىش.

ئەلھال ئۇل ھەكىمنى ئۆزۈمگە ۋەزىر ئەئزەم قىلىپدۇرمەن. بۇ كىشىنىڭ تەئرىپىنىڭ ھەد ـ ھېسابىنى بايان قىلىپ بولماس.

سىز ئۇلۇغ دەرىجىلىك پادشاھقا ئىلتىماس ئېيتىمەنكى، بۇ گۈمبەزلىك ھامامنىڭ ئىبرەتنامە تاماشاسىغا يېقىن پۇرسەتتە قەدەم تەشرىپ ئەتسۇنلەر، تاكى بۇ باھانە بىلەن نۇر چەشمە پاكىگىزنى كۆرۈپ ۋە دىدارلىشىپ ئۇچراشماقنى ئۇلۇغ خۇدا نەسىپ روزى قىلسا ئەجەپ ئەمەس.

ۋە يەنە قەۋلەن، ئىلمەن ۋە ھۆكمەن شۇكى، بۇ دۇنيايى مەككار، بۇ قىلمۇن كەج رەپتار، ھېچ ئەنبىيا، ئەۋلىيا ۋە ھېچ پادشاھ، گادا ئىسكەندەر زامان، رۇستەم داستان، ۋەنى جەمشىت دەۋرانگە ۋاپا قىلمىغان، بەلكى ھەممىنىڭ ھالىنى خاراب، باغرىنى كاۋاپ ئەتكەندۇر. بۇ دۇنيادا نە قىز قالىدۇ، نە ئوغۇل؟ بۇ بەش كۈنلۈك پادشاھلىق غەنىيمەتتۇر. بەش ـ ئالتە كۈن مېھمان بولۇپ، كەمىنە پەرزەنتلىرىنى خۇرسەند ـ بەھرىمەند ئەيلىسىلە، ئىنشائاللا دۆلەت ـ دۇنيالىرى، ئاخىرەتلىكلىرى مەئمۇر بولسا، دەپ دۇئا ئەيلەپ مەلۇم قىلدىم، كالامىم تامام، ۋەسسالام.»

ئەلچىلىك رەسمىيىتى تامامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا خاس ساراي تەيىن قىلىنىپ، تەڭ كېچىگىچە زىياپەت بېرىلدى، مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھاردۇقىنى چىقىرىپ، راھەتلىنىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى ھەممە ئوردا ئەئيانلىرى، ۋىلايەت باشلىقلىرى يىغىلىپ ئەلچىلەر بىلەن سالاملاشتى ۋە تاماشا قىلىشتى.

ئەلقىسسە، باغداد شاھىنىڭ نامەسىنىڭ مەزمۇنى ھەممەيلەنگە ماقۇل كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باغداد شەھىرىگە بېرىپ گۈمبىزى ھامامىنى كۆرۈشكە، شەۋكەتلىك باغداد شاھىنى زىيارەت قىلماققا مايىل بولۇپ سەپەرگە جابدۇندى. بۇلار بىر مەزگىل يول يۈرۈپ باغدادقا يېقىن قالغاندا، ئەبۇلھارىس پادشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئىلمىي سىمىيا قۇۋۋىتىدە جەننەتتىن نىشان بېرىدىغان گۈلىستانلىق ماكان پەيدا قىلدى. سابا پادشاھىنىڭ تامام لەشكەرلىرىنى ئۇ يەردە قوندۇرۇپ ھاۋالاندۇردى ۋە ھاردۇقىنى چىقاردى.

بۇ شۇنداق باغ بولغانىدىكى، قويۇلغان تەخت، ئورۇندۇقلار ئالتۇندىن، نەقىشلىرى لەئلى ياقۇت ۋە زەبەرجەد - جاۋاھىراتلاردىن ئىدى، ياتىدىغان تۆشەكلەرنىڭ شولىسى قۇياشنىمۇ نۇر تالىشاتتى.

سابا شاھى تامام لەشكەرلىرى بىلەن ھەيرانۇ لال بولۇپ، ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇشتى، ھاسىل كالام (گەپنىڭ قىسقىسى) ئۇلار بۇ باغدا 40 كېچە - كۈندۈزگىچە مېھمان بولدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە شۇنچىلىك كۆپ مىقداردا ھەدىيە، پىشكەش سوغا - سالاملار تارتۇق قىلىندىكى، بۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھېچقانداق بىر پادشاھ مۇنچىلىك كۆپ تۆھپە - ھەدىيە، پىشكەش قىلالىغان ئەمەس ۋە ھېچكىم بۇنداق سېخىيلىقنى ئاڭلىغان يا كۆرگەن ئەمەستى.

40 كۈندىن كېيىن سابا پادشاھى شاھى باغداد ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىلدى. سابا شاھى باغداد شاھىنىڭ تەختى ئۇدۇلىغا چىقىپ ئولتۇردى ۋە ئىككى شاھ ئامراق، ئىتتىپاق بولۇپ بىر تەختتىن ئورۇن ئالدى. بۇلار بىر - بىرىگە ھەمنەپەس بولۇپ، ھەم داستىخان تۈزۈپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەبۇلھارىسنىڭ ھامامىلىرىنى كۆرمەك ئىختىيارىغا چۈشتى ۋە ئەبۇلھارىسقا خەۋەرچى ئەۋەتتى.

سابا شاھى ھامامىغا كېتىۋېتىپ كۆردىكى، ھامامىغا بارىدىغان يول ئەتراپى جەننەتتىن قېلىشمىغۇدەك گۈزەل، رەڭگا رەڭ گۈل ۋە مېۋىزارلىق بولۇپ،خۇشئاۋازلىق تۇتى قۇشلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.نەرگىس گۈللىرى بىر - بىرىگە بېقىشىپ، تەبەسسۇم ئەيلەپ ئېچىلغانتى. بۇلبۇللار ھەمدۇ ساناغا تىل ئېچىپ سايراپ، نەغمە سازلىق قىلىشاتتى.

ۋاقتىكى، ئۇلار شاھ سۇپىلىرى سۇلايمانە، قۇببىلىرى ۋە تاقلىرى پەلەككە تاقىشىدىغان پولات دەرۋازىلىق گۈمبىزى ھامامىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە دەريادا بېلىق ئويىنىغاندەك ھەر تەرەپكە جەۋلان قىلىپ تاماشا ئەيلىدى. ھامامنىڭ ئىچى دىلى پاك ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك پاكىز ئىدى.

زىيارەتچىلەر ھامامدىكى 40 غۇلامنى كۆردى: زۇلفىدار (قىلىچلىق)، ئالتۇن كەمەرلىك بۇ غۇلاملار «ئېلىپ لام» دەك قول باغلاپ خىزمەتكە تەييارلىنىپ تۇراتتى، ئەمما ھېچقايسىسى سۆزلىمەستى.

سابا پادشاھى ئۇلارنىڭ بىرىدىن:

— سىزلەر ئەبۇلھارىسنىڭ سېتىۋالغان خىزمەتكارلىرىمۇ؟ — دەپ سورىغانتى، ئۇ غۇلام نە تىڭشىغان ۋە نە سۆزلەيدىغانلىق ئىپادىسىنى كۆرسەتمىدى. پادشاھ پاراسەت بىلەن بۇ يەردىكى جاھاز ۋە غۇلاملارنىڭ ئىلمىي ھېكمەت كۈچى بىلەن بەرپا قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋالدى ھەم ئەبۇلھارىسنىڭ كەشپى - ھۈنىرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، «ئىنسان ئىلىم ئۆگەنسە، تىرىشسا، خۇدا ئۇ بەندىسىنى مۇرادقا يەتكۈزىدىكەن، قۇرۇق قول قويمايدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئەبۇلھارىس زىيارەتچىلەرگە ھامام ۋە باغنىڭ ۋەقەلىرىنى پاساھەت بىلەن تونۇشتۇردى. كەيىندىن ئىككى پادشاھلىقنىڭ ئەركان - ئەربابلىرىنى باغقا تەكلىپ قىلدى. جەمئىي بىرلەك يىگىرمەمىڭ (ئون ئىككى تۈمەن) دىن زىيادىرەك كىشى جەم بولۇپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز كاتتا زىياپەتكە داخىل بولۇشتى. تۆھپە - ئىنئامغا ئېرىشتى. بۇ ئىشلارنىڭ تەرىپىنى قىلىش ئۈچۈن دەريالارنىڭ سۈيىنى سىياھ، بارچە ياغاچلارنى قەلەم، بارچە ياپراقلارنى قەغەز قىلسىمۇ يېزىپ تامامىغا يەتكۈزگىلى بولمايتتى.

زىياپەتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەبۇلھارىس بارلىق ئالىم، ئۆلىما، ئاكابىر - ئەشرەپلەر بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ پادشاھى ساباغا:

— ئېي شاھ، خۇدايىتائالا ھەر نەرسىنى دۇنياغا جۈپتى بىلەن ياراتتى، بۇ، خۇدانىڭ ئەمرى. شەرىئەتى مۇھەممەت مۇستاپانىڭ سۈننەتلىرىدۇر. تەلەپ قىلىمىزكى، مەلىكە ھومايۇننى باغداد شاھىغا جۈپتى نىكاھ قىلساق، شاھى باغداد ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولسا، دەپ ئىلتىماس قىلدى.

شاھى سابا بۇ تەلەپنى قوبۇل كۆردى، ھەم قىزىنى باغداد شاھىغا نىكاھلاپ بەردى.

شۇندىن كېيىن، باغدادنىڭ شەھەر كوچىلىرىنى ئەينەكتەك پارقىرىتىپ تازىلاپ، زىننەتلىگەندىن كېيىن، 40 كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بېرىپ، باغدادنىڭ ھەممە پۇقرالىرىنى خۇش ۋە رازى قىلدى.

سابا شاھى تويدىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتتى. ئەبۇلھارىس بىلەن باغداد شاھى ئەيش - ئىشرەتكە

مەشغۇل بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە بەرقارار بولدى.
ئەبۇ ئەلى سىنا ۋاقىئەلىرىدىن ئىشتىمەك كېرەك.

نەزمە:

ئىلمىي سىمىيا زورىغا بائىس،
ئەبۇئەلى بىلەن ئەبۇلھارىس.
بەھرىمەند بولدى ئىلمىي سىمىيادىن،
ھەم مۇزەككەر قەبىلە ھەم ئانىس.
ئىلمىي سىمىيا ۋۇجۇدى ئېرۇر قەدىم،
ئېتىقادىڭدا دېمىگىل ھادىس.
ھەر كىشى مەتلۇبى بىلدۇر قىلسا،
خەلقئارا بولمىكىمىدى غائىس.
شەھرى باغدادتىن ھېكىم جاماس،
بولدى مەشھۇر بۇئىلە سالىس.

## ئىككىنچى خىيال

ئەبۇلھارىس بىلەن ئەبۇئەلى سىنا ـ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى كىشىلەر «جادۇگەركەن» دېگەن گۇمان بىلەن شاھ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلار «بىر يىلغىچە گۇمبىزى دەۋۋاردا رىيازەت تارتىپ ئوقۇپ، ئەمدىلا سىرتقا چىقساق تۆھمەتكە ئۇچرىدۇق، بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈپ كېتىمىزمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئەبۇلھارىس تامنىڭ تۆشۈكىگە ئۆزىنى ئاتقان پېتى باغداد شەھرىدىن چىقتى. ئەبۇئەلى سىنا پادىشاھلىق كۆلىگە شۇڭغۇغان پېتى ئەل كۆزىدىن غايىپ بولدى.

ئەبۇئەلى سىنا بېلىق سىياقىغا ئۆزگىرىپ، كۆلنىڭ چوشۇرگىسىدىن ئېقىپ ماڭغان پېتى نىل دەرياسىغا ئۇلاشتى. ئاندىن مىسىر شەھرىگە بېرىپ كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر ساتىراشخانىغا كىردى. گۇمبىزى دەۋۋاردا بىرىيل تۇرغاچقا، ئۇنىڭ چاچ ساقال ـ موي‌لىرى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتكەنىدى ...

ئۇ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ياستىپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپنى سەيلى ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىر ھالۋاپۇرۇشنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا بىر مۇنچە كىشىلەر توپلىشىپ قالغانىدى. ئەبۇئەلى سىنا «بۇ يەرگە كىشىلەر نېمىشقا توپلىشىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، قىزىقىش بىلەن توپ ئىچىگە كىردى. كۆردىكى، دۇكاندا ماھىروي، مۇشتەرى سائادەتلىك بىر نەۋجەۋان يىگىت تۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ تۇرقىنى كىشىلەر «خەلقى ئالەمنىڭ چىرىغى، بۇلبۇلگويانىڭ سايرىشى بۇ نەۋجەۋان يىگىتنىڭ شوخ كۈلكىسى» دەپ تەرىپ قىلىشىۋېتىپتۇ.

ئۇ نەۋجەۋان ھالۋاپۇرۇشنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئەلى دېيىلەتتى. ئەبۇ ئەلى سىنامۇ بىر مەردى خۇدا، ئەھلى مۇھەببەت كىشىدى. شۇڭا مۇھەممەت ئەلى ھالۋىچىگە قارىتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاشنالىق مۇھەببىتى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئىشتىياقى تۇغۇلۇپ سورىدى.

ـــ يىگىت، ھالىڭىز نىچۇك، ھالۋاپۇرۇشلۇق قىلىۋاتقىنىڭىزغا قانچە مۇددەت بولدى؟ ـ ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ سوئالىغا ھالۋاپۇرۇش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـــ تاكى ئاتام ۋاپات بولغاندىن تارتىپ بۇكەسىپ بىلەن مەشغۇلمەن، ئانام كېسەل ياتىدۇ. ئۇنى باقماق ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلمىسام بولمايدۇ، بىراق ھالۋا ئېتىشنى تولۇق بىلمەيمەن.

ئۇلار بىر پەس سۆزلەشكەندىن كېيىن، ھالۋاپۇرۇش يىگىت ئەبۇ ئەلى سىناغا بىر ئاز ھالۋا بېرىۋېدى، ئۇ، ھالۋىنى ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ كۆرۈپلا، دەرھال يەرگە تۈكۈرىۋەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ھالۋاپۇرۇش «ئېھتىمال مېنىڭ ئەتكەن ھالۋام بۇ كىشىگە يېتىمدى. ئۇستا كۆرمەي ئەتكەن ھالۋىدا بىرەر نۇقسانلىق بولسا كېرەك؟» دەپ ئويلاپ، ئۆز ئىشىدىن گۇمانلاندى.

ھالۋاپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ خۇشجامالىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان خالايىق ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ بۇ قىلىقىدىن رەنجىپ، قوللىرىغا تاش ـ تاياق قاتارلىق ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئېلىپ، ئۇرماققا تەرەددۇت قىلىشتى ۋە ئۇنى ئارىغا ئېلىپ «ئەگەر بۇ يىگىت بىزگە زەھەر بەرسىمۇ شىپا بىلىپ، توپا بەرسە، قەندالەت ھېسابىدا كۆرۈپ يەر ئىدۇق. سەن نېمىشقا ئۇنىڭ ھالۋىسىنى تۈكۈرىۋېتىسەن؟» دەپ مالامەت قىلىشتى.

ئەبۇ ئەلى سىنا خالايىقنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ بىر تەرەپكە قاچتى. ھالۋاپۇرۇش بۇ ھالەتتىن ئەندىشىگە چۈشۈپ ۋە پاراسەت ئەقلى بىلەن ئويلاپ دېدىكى «ئۇ ئادەم دەرۋىش سۈپەت ھاسىپ كامال ھەم نۇرانە كۆرۈنىدۇ. ھالۋىنى يەرگە تۈكۈرمىكىدە، چوقۇم بىر ھېكمەت باردەك قىلىدۇ؟» ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ، ئاياغلىرىغا باش قويۇپ ئېيتتى.

ـــ دەرۋىش ساھىب كىشى، مەرھەمەت قىلىپ، قەدەم رەنجى ئەيلەپ دۇكىنىمغا تەشرىپ ئەتسىڭىز، مەن يېتىمنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەند قىلغان بولاتتىڭىز. دەرۋەقە ھالۋاپۇرۇشقا ئۇستا، كامىل بولغىنىم يوقتۇر. مەن ئاتامدىن كىچىك قالغاچقا، ئانامنىڭ «بالام، بىكار يۈرۈش

خەتەردۇر، ئاتاڭنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلغىن، ئۇ ھالۋىنى مۇنداق - مۇنداق پىشۇراتتى» دەپ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە ئىشلەپ كەلگەنتىم...

مۇھەممەت ئەلى ھالۋىچىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەبۇ ئەلى سىنا دۇكانغا كىردى. ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىندى. دۇئادىن كېيىن ئەبۇ ئەلى سىنا دېدى:

— مەن ھالۋا ئېتىشنىڭ بىر نەچچە خىل تۈرىنى بىلىمەن، شۇنداقلا باشقا خىلمۇ خىل ھۈنەرلەردىنمۇ خەۋەردارمەن. خالىسىڭىز بۇلارنى سىزگە ئۆگىتىمەن.

ھالۋاپۇرۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەند بولدى ۋە ئۈمىد بىلەن ئەرز قىلدىكى، «كەمىنە بىر ناتىۋاندۇرمەن. ھالۋا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، سىزنىڭ تەلىمىڭىز بىلەن تاپاۋەت قىلىپ، دۇئاگۇي ئانامنى باقسام، ئەجەپ ئەمەسكى، بۇ ئارقىلىق ئانامنىڭ رەھمىتىنى ئالغايمەن.»

ئەبۇ ئەلى سىنا ھالۋاپۇرۇشنىڭ ئەرزىگە پىسەنت قىلمىغان ئەلپازدا گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى. مۇھەممەت ئېلى ھالۋىچى بۇ ھالدىن رەنجىپ ئەبۇ ئەلى سىنانى دۇكاندىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى - يۇ، يەنە سەبرى قىلىپ ئېيتتى:

— كېچە تەڭ بولۇپتۇ، ئەتە سېتىشقا ھالۋا يوقتى. قانداق قىلىمىز؟

ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ھالۋاپۇرۇشقا سىيلە - رەھىمسى كەلدى، ئۇ كېپەك بىلەن ياغ تەلەپ قىلدى، ھالۋاپۇرۇش بۇ نەرسىلەرنى ھازىرلىدى. ئەبۇ ئەلى سىنا كېپە بىلەن ياغنى كۆپىقا قاچىلاپ، ئېغىزىنى چىڭ بېكىتىپ بىر ئەپسۇن ئوقۇۋېدى، ھەممە كېپەكلەر ھالۋايى - پەشمەككە ئايلاندى. ئەمما بۇ ئىشلاردىن مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇشنىڭ خەۋىرى بولمىغاچقا، بۇ كىشى مېنى كىچىك بالا چاغلاپ بىھۇدە لاپ ئۇرغىنى يەتمەي، يەنە مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ ئاچچىقىدا قولىغا ھاسا ئېلىپ ئېيتتى:

— مەن سېنى باشتا كۆرۈپلا بىلگەنىدىم. سېنىڭ پىكىر - خىيالىڭ كېچىدە ناچار قىلىقلارنى قىلماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، — ھالۋاپۇرۇش شۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋېتىپ ئەبۇ ئەلى سىنانى ئۇرماققا تەمشەلدى. ئەبۇ ئەلى سىنا ھالۋاپۇرۇشنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىرلا سىلكىگەنىدى، ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.

## ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ھالۋاپۇرۇشقا كۆرسەتكەن ئالامەتلىرى

ھالۋاپۇرۇش ئۆزىنىڭ كوچا ئوتتۇرىسىغا قاڭقىپ چىققانلىقىنى غۇۋا ھالدا سەزگەندەك بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى - يۇ، ئۆزىنى بىر ناتونۇش سەھرادا كۆردى، بۇ يەردە نە مىسىر ۋە نە ئۆزىنىڭ ھالۋاپۇرۇشلۇق دۇكىنىدىن ئەسەر كۆرۈنمىدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇ ئانىدىن بەرەھنە قىپيالىڭاچتى. ئەمدى بۇ مۈشكۈلچىلىكتىن قانداق نىجات تاپماق كېرەك؟ ھالۋاپۇرۇش بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئەندىشە ۋە قورقۇنچىدا بىر ھازا ياتتى، بىر چاغدا ئەتراپنى ھاي - ھۇي غۇلغۇلا ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى.

ھالۋاپۇرۇش كۆردىكى، غۇلغۇلا ئاۋازلىرى بارغانچە يېقىنلاپ بىر گۇرۇھ لەشكەر ئۇنى قورشىۋالدى - دە، سۆرەشتۈرگەن پېتى ئەسىرلەر قاتارىغا قوشۇپ باغلاپ قويدى. ئۇنىڭ ھەر قانچە ئۆزرە ئېيتىپ يالۋۇرۇشلىرى لەشكەرلەرنىڭ شەپقەت - مەرھەمىتىنى قوزغىيالمىدى. ھالۋاپۇرۇش نىجاتلىق ئىستەپ ھەر تەرەپلەرگە قارىغان بولسىمۇ، ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ھالۋاپۇرۇش ھېچ ئىلاج تاپالماي لەشكەرلەرنىڭ زۇلمى، ئىزا - ئاھانىتىگە چىداپ يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاياغلىرى قاپىرىپ كەتتى. كەچ كىردى، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ قەدىمى بىر شەھەرگە يەتتى. ھالۋاپۇرۇش بىر لەشكەردىن: «بۇ قەيەر، بۇ مەملىكەتنىڭ ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ، «بۇ باغداد شەھىرى دېيىلىدۇ. بىز ھەممىمىز پادىشاھنىڭ قۇلى بولىمىز. بىز پەلەستىن شەھىرىنىڭ شاھىنى تالان - تاراج قىلماق ئۈچۈن كەلگەنىدۇق، مۇددىئاغا بىنائەن ئۇلجا - غەنىيمەتكە ئېرىشىپ، ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدۇق» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلقىسسە، لەشكەرلەر ئەسىرلەرنى ۋە شۇ قاتاردا مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇشنى شاھى باغدادنىڭ خىزمەتلىرىگە ئېلىپ كىرگەندە، شاھ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر خىلدىن ئىشقا بەلگىلىدى، ھالۋاپۇرۇش پادىشاھنىڭ خەزىنىچىلىكىگە تەيىن قىلىندى. ئۇ ئىلاجسىزلىق ۋە ھەيرانلىقتىن بۇ ئىشنى زىممىسىگە ئالدى ۋە «ئۇ دەرۋىش ئاجايىپ كامالەت ئىگىسىكەن. زامان پەيلاسوپى دېگۈچىلىكى بار ئىكەن، ۋادەرىخ، ئەجەپ ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا بەھىس قىلىمەن دەپ مۇنچە بالاغا گىرىپتار بولدۇم، توۋا، بىر كۈندە مىسىر شەھىرىدىن باغداد شەھىرىگە كېلىپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان...» دەپ ئويلايتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھالۋاپۇرۇش بۇ سىرلىق كەچمىشنى ھېچ كىمگە ئېيتمىدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەبۇلھارىس بىنا قىلغان ھاممامغا مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇش بىلەن بىرنەچچە يىگىتلەر بىللە كەلدى. ھاممام ناھايىتى پاكىز

ھاۋاسىدىن ئىپار ـ ئەنبەر ھىدى كېلەتتىكى، ئەگەر ھۆرلەر كۆرسىمۇ ھەسەت قىلاتتى. بۇ ھامامنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئازادىلىكى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ، پادىشاھى ئەنجۇم سۇپا ئەتراپىدىكى گۇللەرنى تاماشا قىلىپ، بۇلبۇلگويا كەبى خەندان ئۇرۇپ ئەيش ـ ئىشرەت پەيزىنى سۇردى.

مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇش بۇ ھامام ئىبرەتنامىنى كۆرۈپ ۋە سەير ـ تاماشا ئەيلەپ، ھەيرانلىقتا ئولتۇرغان ھەمراھلىرىدىن بىرىگە دېدىكى، «بۇ قانداق ھامام بولدى؟ بۇ يەردىكى كارامەتلەر ئادەم زاتىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ؟»

شۇ چاغدا ۋەقەدىن خەۋەردار بىرسى پادىشاھى باغداد بىلەن ئەبۇلھارىس ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى تەپسىلى بايان ئەيلىدى. مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇش ئاھ ئۇرغىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يەنە ھوشىغا كەلدى. «بۇ قىسسە خۇددى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارغىلا ئوخشايدىكەن» دەپ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ھالۋاپۇرۇشنىڭ ھېكايىسى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ ئاخىر بېرىپ شاھى باغدادقا ئاڭلاندى. شاھى باغداد ھالۋاپۇرۇشنى چاقىرتىپ ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەتكۈزدى. شاھ قېشىدا ئولتۇرغان ئەبۇلھارىس ئېيتتى:

ـــ ئېي شاھ. ئىش جادۇگەرلىك ئەمەس، بەلكى ئىلمي سىميا قۇۋۋىتى بىلەن بولغان ئىشتۇر.

شاھ ئەبۇلھارىستىن:

ـــ ئىلمي سىميا بىلەن جادۇگەرلىكنىڭ پەرقى نېمە؟ ـــ دەپ سورىدى. ئەبۇلھارىس شاھنىڭ سوئالىغا:

ـــ سېھرى جادۇ دېگەن ناپاكلىق، مەردۇدلۇق، كۆڭلى قارىلىق ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ھىيلىدۇر، ئىلمي سىميا دېگەن پاكلىق، راستلىق، رىيازەتلىك ئەجىر ھېسابىغا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىلىمدۇر، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەئەججۈپ ئەيلەپ، ھەيرەت دەندانلىرىنى ئىبرەت چىشلىرى بىلەن چىشلەپ تۇرۇپ ئېيتتى:

ـــ بۇ جەۋان (يىگىت) نىڭ مەقستى، ئەگەر مىسىرغا قايتىش بولسا، ئۆز يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويالامسىز؟

ئەبۇلھارىس:

ـــ ئەگەر پەرمانى ئالىي شۇنداق بولسا، بۇ غۇلامنى بىر سائەتكە قالماي مىسىر ۋىلايىتىگە ئاپىرىۋېتىش ناھايىتى ئاسان گەپ، ـــ دېدى. شاھى باغداد مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇشتىن سورىغانتى، ئۇ:

ـــ كاشكى، مىسىرگە قايتىپ بارماققا نېسىپ بولسا، مەن ئۇ دەرۋىشنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئالىرىنى ئالۇر ئىدىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

شاھ ئەبۇلھارىسقا شۇنداق قىلىشنى ئەمر ئەيلىدى. ئەبۇلھارىس ھالۋاپۇرۇشقا «كۆزۈڭنى يۇمغىن!» دەپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقاندىن كېيىن، پۇتىنى پۇتىغا قويۇپ بىر ھەملە قىلىۋېدى، ئۇ ئەل كۆزىدىن غايىپ بولدى. بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنى مىسىر شەھىرىدە ئۆز دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ياتقان پېتى كۆردى...

## ھالۋاپۇرۇشنىڭ ماتەم كۈنى

ھالۋاپۇرۇش غايىب بولغان ھېلىقى ئاخشىمى ئەبۇ ئەلى سىنا بىر جۈپ ھاسىنى مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇشنىڭ سۈرىتىدە ياسىدى، بۇ سۈرەتنى ھالۋاپۇرۇشنىڭ يالغۇز ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىش مەقسىتىدە ئىلمي سىميا ھېكمىتى بىلەن ياسىغانىدى. ئەبۇ ئەلى سىنا ھالۋاپۇرۇشنىڭ كېلىشىنى ئالىلقاچان بىلىدىغان بولغاچقا، دەل مۇددىتىدە ھېلىقى ھاسا ـ ياغاچ ئادەمنى «كېسەل» قىلدى ۋە ئاخىرى «ئۆلدى»، ئىمام، مۇئەززىنلەر ۋە ئەھلى مەھەللە، جامائەتلەر دەپنە نامىزىغا قاتناشتى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇشنىڭ باغدادتىن مىسىرغا كەلگەن چېغى ـ دەل ئۇنىڭ ماتىمى بولۇۋاتقان كۈن ئىدى.

ھالۋاپۇرۇش ئۆزىنى مىسىردا كۆرۈپ، خۇداغا شۈكۈر ئەيلەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستاغىنا دۇكان ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئەبۇ ئەلى سىناغا كۆرسەتمەستىن دەرۋازىنى قاقتى ۋە ئانىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇرۇپ «ئېي مېھرىبان ئانا، مەن ئوغلىڭىز مۇھەممەت ئەلى بولىمەن، ئىشىكنى ئاچسىڭىز» دېگەنىدى، ئانىسى: «سەن قانداق نېمە، نېمىشقا مېنى مەسخىرە قىلىسەن؟ ئوغلۇمنىڭ ۋاپات ئەتكىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆيگەن جېنىمغا يەنە ئوت يېقىپ ‹مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ› دېگىنىڭ قانداق گەپ؟...» دەپ ئىشكىنى ئاچمىدى.

ئاخىرلئەمرى ئانا بىلدىكى، دەرۋازا قېقىۋاتقىنى ئۆز پەرزەنتى، كۆز نۇرى مەھەممەت ئەلى ئىدى.

ـــ ئېي بالام، قانداقلارچە تىرىلىپ كەلدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى ئانا شادلىنىپ.

ھالۋاپۇرۇش ئانىسىغا بېشىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەھۋاللارنى ۋە ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ھېكايىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. ئانىسى ئۇنىڭ باغدادقا قانداقلارچە بېرىپ قالغىنىنى ۋە قانداقلارچە يەنە مىسىرغا

قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە دېدى:

— سۇبھانىللا، نەچچە كۈن كېسەل بولۇپ ياتتىڭ، بۇگۈن قازا قىلدىڭ. سېنى كېپەنلەپ، نامىزىڭنى قەۋم - قېرىنداشلار جەم بولۇپ چۈشۈردۇق، ئەھلى - جامائەت بىلەن بىللە چىقىپ جەستىڭنى تۇپراققا قويۇپ، دۇئا - پاتىھە قىلىپ قايتقاندۇق. مەن پەرزەنت پىراقىدا ماتەم قىلىپ يىغلاپ ئولتۇرسام، سەن دەرۋازا قاقتىڭ، سېنى ساق - سالامەت كۆردۈم...

ھالۋاپۇرۇش ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئىگىن - ئايىغىمنى نىم قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى، ئانىسى:

— سېنىڭ كىيىم - كېچەك، ئىگىن - ئاياغلىرىڭ ساندۇقتا بار، — دېدى. ئۇلار ساندۇقنى ئېچىپ قارىۋېدى، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇشتى. ھالۋاپۇرۇشنىڭ ئانىسى ئېيتتىكى، «ئېي ئوغلۇم ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ بىر كارامەت ئىگىسكەن. سەن بۇ دەرۋىشنىڭ خىزمىتىدە بولماقنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىززەت - ئىكرام ئەيلەپ، ھۆرمەتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشقايسەن، ئۇ دەرۋىش چىن دىلى بىلەن دۇئا قىلسا، بىز سەبزە مۇنەۋۋەر بولۇرمىز (كۆكلەيمىز)، ھەر قانداق ئىش قىلغان بولسا، سېنى سىناپ بېقىش يۈزىسىدىن قىلغان ئوخشايدۇ. ئىنشائاللا ئەمدى ياخشىلىق يۈزلەنسە ئەجەپ ئەمەس.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ يوق ۋاقتىڭدا بۇ كىشى بىزگە كۆپ مۇرۇۋۋەت - ياخشىلىق قىلدى. بۇ زاتتىن مەن كۆپ مىننەتدار دۇرمەن.

ئانا - بالا بىرپەس مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئانا ئوغلىنى ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ھالۋاپۇرۇش يىگىت دۇكانغا بېرىپ ئەبۇئەلى سىناغا سالام بەردى. ئەبۇ ئەلى سىنا خۇش تەبەسسۇم قىلغاندىن كېيىن، ھالۋاپۇرۇشتىن گەپ سورىدى:

— يىگىت، نەچچە زاماندىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز؟

ھالۋاپۇرۇش زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ ئېيتتى:

— ئېي ئۇستاز پىر دەستىگىر (قولۇمدىن تۇتۇپ مەدەت قىلغۇچى - ت) مەن كەمىنەدىن كۆپ خاتالىق ئۆتتى. ئەقلىم يوق، نادانلىق قىلىپتۇرمەن. ئەپۇقىلسىڭىز!

ئەبۇ ئەلى سىنا يىگىتنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىلدارلىق بىلەن ئېيتتى:

— ئېي نازىنىن يىگىت، سىز ھەم مېنىڭ ئۆتكۈزگەن سەھۋەن - نۇقسانلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسىز.

ئۇلار ئۆز ئارا ئەپۇ سورىشىپ ۋە ئەپۇ قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشتى.

ئەبۇ ئەلى سىنا ھالۋاپۇرۇش يىگىتنىڭ بايانىدىن قاراپ ئاكىسى ئەبۇلھارىسنىڭ باغداد شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى پەھىم قىلدى. ئۇ: «ئاكام باغدادتىكەن، ھالۋاپۇرۇش يىگىتنى ئەزبىرايى سىناپ بېقىش ئۈچۈن مېنىڭ قىشىمغا قۇۋۋەتى سىمىيانىڭ مەدىتى بىلەن يولغا سېلىپتۇ. دېمەك، ئاكام ئۆزىنىڭ باغداد شەھىرىدە — شاھى باغدادنىڭ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىپتۇ» دەپ ئويلاپ ناھايىتى خۇرسەند بولدى ۋە ھالۋاپۇرۇشقا مىننەتدارلىق دۇئاسىنى قىلدى.

مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇش ئەبۇ ئەلى سىناغا ئىلتىجا قىلىپ دېدى:

— ئېي ھېكمەتشۇناس، مەرھەمەت قىلىپ مېنى بىر قاتار سىرلاردىن ئاگاھ ئەتسىڭىز. ۋاقتىكى، بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە تالاي چىگىشلەرگە دۇچ كەلدىم، دىلىم خاراب، باغرىم كاۋاپ بولدى. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، مەن بۇگۈن كېسەل بولۇپ، ئاخىر ئۆلۈپتىمەن. ھەتتا جەستىمنى ئەھلى - جامائەت دەپنە قىلغانمۇ ئوخشايدۇ. ئانام مېنى كۆرۈپ ئۆلۈكنىڭ قايتا تىرىلگىنىنى قىزىق ئىشقۇ دەپ ھەيران بولدى. ئەمەلىيەتتە مەن تېخى بىر ئەرسائەت ئىلگىرى باغدادتا ئىدىم. نە كېسەل بولغىنىم، نە ئۆلگىنىم يوقتى، مانا ئەمدى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، بۇ قانداق ۋەقەدۇر؟

— ھەزرىتى ھەق سۇبھانا ۋەتەئەلا ئانداق مىقداردا ئىلىم ئاتا قىلغانكى، — دەپ سۆز باشلىدى ئەبۇ ئەلى سىنا، — مەن تەھسىل قىلغان ئىلىم ۋە بۇ ئىلىم ۋەجىدىن سىزنىڭ كۆرگەنلىرىڭىز گويا دەريادىن بىر تېمىم سۇ ئالغانچىلىكتۇر، — ئۇ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېيىنكى يۈز بەرگەن سىرلار توغرىسىدا مۇنداق ئېنىقلىما ئىزھار قىلدى، — مەن سىناق يۈزىسىدىن سىزنى يولغا تاشلىدىم ۋە ئىلمى سىمىيا قۇۋۋىتى بىلەن بىر گۇرۇھ لەشكەر پەيدا قىلىپ، سىزنى ئەسىر قىلدىم. سىزنىڭ شەھىرى باغدادتىن بۇگۈن قايتىدىغىنىڭىزنى پەھىم ئەيلەپ، ئۆز ۋاقتىدا ياغاچتىن ياسالغان سۇرىتىڭىزنى ئاۋۋال كېسەل قىلدىم، كېيىن ئۆلتۈردۈم. بۇ ئارىلىقتا سىزنىڭ سۈرىتىڭىز ئانىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندى. ئەگەر، — دېدى ئەبۇ ئەلى سىنا، — ئەبۇلھارىس سىزگە قىلچىلىك زەرەر يەتكۈزگەن بولسا، نە باغداد شاھى، نە ئۇنىڭ لەشكىرى، نە تەختى - بەختىنى ئاياپ قالماي، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا زىر - زەبەر قىلىۋەتكەن بولاتتىم! ئەمما ساق - سالامەت قايتىپ كەپسىز، ئىنشا ئاللا، پەقىرنىڭ ھەر بىر ھۈنەر - ھېكمىتىنى بىر باھانە بىلەن كۆرگەيسىز تېخى...

ئەبۇ ئەلى سىنادىن بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغان ھالۋاپۇرۇشنىڭ خۇشلۇقتىن ئېغىزى قۇلىقىغا يەتتى ۋە

جاندىل بىلەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەھدى قىلدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ھالۋاپۇرۇش يىگىت ئەبۇ ئەلى سىنادىن كۆپ تەلىملەرنى ئالدى. ئاز بولمىغان ئىلىملەرنى ھاسىل قىلدى، ھەتتا ئىلمى سىمىيادىنمۇ خەۋەر تېپىپ يۇرت ئىچىگە شۆھرىتى تارقىدى.

ھالۋاپۇرۇشنىڭ ھال - كۈنى بارغانسېرى ياخشىلاندى. ئۇ ئۆزىگە زىننەت بېرىپ، يېڭى ئۇستىباشلارنى كىيىپ، مىسىر بازارلىرىدا ھالۋا سېتىپ يۈرمەكتىدى. ئۇ قانداق يەرگە بارسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالاتتى ھەم ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىنى تاماشا قىلاتتى، ھەم ئېلىپ بارغان ھالۋىسىنى بىر پەستىلا چاپ - چاپ قىلىپ تالىشىپ سېتىۋالاتتى.

بىر كۈنى ھالۋاپۇرۇش ئەبۇ ئەلى سىناغا ھال ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

—ھالۋا سېتىپ يۈرمەكتىن بىزار بولدۇم. چۈنكى مەن قەيەرگە بارسام، كىشىلەر ئەتراپىمغا توپلىشىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ غەرىزى ھالۋا سېتىۋېلىشتىن كۆرە، مېنى تاماشا قىلىش بوپقالدى. قانداق قىلاي؟

ئەبۇ ئەلى سىنا بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى يوللۇق كۆردى. شۇڭا ئىلمى سىمىيا قۇۋۋىتى بىلەن دۇكانلىرىنى يېڭىلىدى. كەڭ - كۇشادە دۇكان راسلاندى. دۇكاننىڭ ئارقىسىغا ئۈچ ھۇجرا ياسالدى. ئۇنىڭ بىرسى مۇساپىرلار ئۈچۈن، بىرسى خىزمەتكارلار ئۈچۈن، يەنە بىرسى ئۆزلىرىنىڭ خاس ھۇجرىسى ئۈچۈن تەيىنلەندى.

شۇندىن باشلاپ ھالۋاپۇرۇش يىگىت كوچا ئايلىنىپ تىجارەت قىلمايدىغان بولدى. ئۇ كۈندۈزى دۇكاندا ئولتۇرۇپ ھالۋا ساتتى. كېچىلىرى خاس ھۇجرىسىدا ئەبۇ ئەلى سىنا بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى.

مۇھەممەت ئەلىنىڭ ھالۋاپۇرۇشلۇق دۇكىنىنىڭ داڭقى پۈتكۈل مىسىر شەھرىگە پۇر كەتتى. چۈنكى دۇكاننىڭ ئالدىغا بىر شاھ سۇپا، سۇپىنىڭ ئەتراپىغا ئىلمى سىمىيا قۇۋۋىتى بىلەن ئاجايىپ گۈلدار نەقىشلەر چىقىرىلغان بولۇپ، ھەر كىم بۇ نەقىشلەرگە قارىسا، گويا ئەينەكتەك كۆزنى چاقاتتى. بۇ ھالۋاپۇرۇشنىڭ ھۆسنى - جامالى بىلەن شاھ سۇپىسىنىڭ نەقىشى بىر بولۇپ، جۇلالاپ ئالەمچە غەۋغا قوزغىغانىدى.

ھالۋاپۇرۇشنىڭ سودىسى شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن يۈرۈشۈپ كەتتىكى، ئانچىكىم ۋاقىت ئىچىدە دۆلىتى زىيادە بولۇپ، پۇل - مېلى كۆپىيىپ، نەچچىلەپ غۇلام (خىزمەتكار)، نەچچىلەپ چېچى سۇمبۇل، پەرىزات سۈپەت قىزلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ھالۋا ئېتىشكە، دۇكاندا ھالۋا سېتىشقا قويىدى.

بۇ ھالۋاپۇرۇشلۇق دۇكىنىنىڭ داڭقى پۈتكۈل خەلققە ئاڭلاندى. كىشىلەر بۇ دۇكاننى كۆرۈش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن گۇرۇھ - گۇرۇھ، پۇچ - پۇچ،

دەستە - دەستە بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. تاماشىچىلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ يۈرۈپ، بەزى ئاجىزراقلىرى يىقىلىپ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپمۇ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ غۇۋغاسى ئاسمانغىچە يەتتى. دۇكاننىڭ ئالدى گويا بازارى مەھشەر قىيامەتتەك باس - باسقا ئايلاندى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پەرىزاتقا ئوخشاش چىرايلىق، لەۋلىرى شېكەر، بەللىرى چۈمۈلىنىڭ بېلىدەك ئىنچىكە، ئېغىزى پىستىدەك نازىنىنغا ھالۋاپۇرۇشنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى.

بۇ كەملەردە مىسىر پادىشاھىنىڭ پەردە ئىسمەت ئىچىدە ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلغان بىر قىزى بولۇپ، ئۇ، نازكەرەشمىلىك، نەغەز قاشلىق، تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆكاتتەك ئەگمە كىرپىكلىك، ئويناق شەھلا كۆزلۈك، جامالى جاھان ئارا مەشھۇر نازىنىندى.

ۋاقتىكى، ھالۋاپۇرۇش ھالۋا سېتىۋېتىپ ساراي ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىدە قاراپ تۇرغان ھېلىقى دىلاۋەرگە كۆزى چۈشتى. دىلاۋەرنىڭ كۆزىمۇ ھالۋاپۇرۇشقا تىكىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى بىر جۈپ بىر - بىرىگە مىڭ جېنى بىلەن ئاشىق بىقارار بولدى.

مىسىر شاھىنىڭ قىزى يىگىتنىڭ ئىشقى - پىراقىغا تاقەت قىلالماي ئىنىكئانىسىنى چاقىرىپ: «ئانا، سەن بېرىپ ھالۋاپۇرۇش يىگىتنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ پەرمانىنى شۇ زامان ئىجرا قىلدى. ئۇلار بىر جايغا دەرقەم بولۇشقاندىن كېيىن، مەلىكە مۇنداق سورىدى:

—ئېي يىگىت، سىز كوچا ئايلىنىپ ھالۋا ساتقۇچىمۇ ياكى دۇكىنىڭىز بارمۇ؟ سىزنى پات - پات كوچا - كويلاردا ھالۋا سېتىۋاتقاندا كۆرۈپ قالىمەن، بۇ تاماشا قىلماقنىڭ تۈپەيلىدىنمۇ؟

— ھالۋا ئېتىدىغان غۇلاملىرىم باردۇر، ئۇلار تەييارلايدۇ، مەن زېرىككەن كۈنلىرىمدە ئانچە - مۇنچە كوچائايلانغاچ تىجارەت قىلىمەن،— يىگىت شۇنداق دېگەندىن كېيىن قوشۇپ قويىدى، — مېنىڭ ھالۋامنىڭ لەززىتى ھەددىدىن زىيادىدۇر، مەرھەمەت قىلىپ تېتىپ كۆرەرسىز.

ھالۋاپۇرۇش يىگىت شاھ قىزىنىڭ ئالدىغا ھالۋا، پەشمەتلەرنى كەلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، شەرمى ھايا غالىپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالماي، بىر چەتكە چىقىپ تۇردى. كۆردىكى، جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك، كۆن مەسەللىك ساھىبجامال بۇ قىزنىڭ ھايات بېغىنىڭ غۇنچىسى تېخى ئېچىلماپتۇ. ئۇلار تىلدا مۇھەببەت سۆزلىرىنى ئېيتىشمىسىمۇ، لېكىن ئىما - ئىشارەتلەر قىلىشىپ، قاش - كۆزلىرى ئارقىلىق ئەمزە ئوقىنى ئېتىشىپ، غايىبانە ئامراقلىشىپ، بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئاشىق بىر - بىرىدىن

كۆزى قىيمىغان هالدا ئايرىلىشتى.

ئەلقىسسە، هالۋاپۇرۇش يىگىت مەلىكىگە هالۋا بېرىپ، ئورنىغا ئىشق سېتىۋالغاندەك بىر ئىش بولدىكى، پۈتۈن ئىختىيارى قولىدىن كەتتى. ئۇ سەۋرىگە تاقىتى يوق هالدا كۆزىدىن ياش تۆككەن پېتى ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەلىكە زۆرە جىبىنىنىڭ قىسسىنى بايان قىلغىنىچە ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۇ هالنى كۆرگەن ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ پارە - پارە بولدى. هالۋاپۇرۇش بولسا، هەدەپ پەرياد ئۇرۇپ، «مەلىكىنىڭ ئىشتىياقى جىگىرىمنى كاۋاب ۋە ئەقلىمنى پەرىشان قىلدى، ياكى مېنى ئۆلتۈرۈڭ، ياكى بولمىسا مۇرادىمغا يەتكۈزۈڭ، ئىلاج بولمىسا، بېشىمنى ئېلىپ چەت - ياقا جايلارغا كېتىمەن» دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا مەلىكە نازىنىنمۇ ئۆز هالىغا هەيران بولۇپ، ئىشق ماجراسىغا چۈشكەنىدى، ئۇ، هالۋاپۇرۇش يىگىتنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ، ئىزىنى ئىزدەپ، هەر تەرەپكە بېقىپ، «بۇ يىگىت چوقۇم ئادەم جىنسىدىن بولمىسا كېرەك، ئېھتىمال پەرىزات ئوخشايدۇ» دېگەن قىياسلارنى قىلىپ، خاس هۇجرىسىدا ئۆز هالىغا يىغلىماقتىدى.

هالۋاپۇرۇش تاكى كەچ كىرگىچە ئىشقى سەۋدالىقى بىلەن ماجرا قىلغاچقا، ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ئىچى ئاغرىدى. ئۇخۇداغا ئېسىلىپ، قىبلىگە قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ ۋەزىپە ئوقۇپ، ئەپسۇن كۈچى بىلەن بىر كارامەت كۆرسەتتىكى، توساتتىن يەر تەۋرەپ، تاملار هەرىكەتكە كېلىپ سىلكىندى.

هايال ئۆتمەيلا هالۋاپۇرۇشنى ئاشىقى بىقارار قىلغان مەلىكە زۆهرە ماهى جىبىن ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.

هالۋاپۇرۇش يىگىت بۇ هالدىن هەيران ۋە سەرسان، مەلىكىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىدىن بولسا ئاجايىپلىق هېس قىلىپ، بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى هەدەپ چىشلەشكە باشلىدى.

ۋاقىت ئۆتتى. مەلىكە زۆهرە جىبىن ساراسىملىك ئىچىدە كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى ناتونۇش هۇجرا ئىچىدە يەنە كېلىپ ئۆزىنى شەيدا قىلغان هالۋاپۇرۇش يىگىتنىڭ قېشىدا كۆرۈپ هاڭ - تاڭ بولدى. «يا خۇدا، بۇ نېمە كارامەت؟ مەن قانداق جايغا كېلىپ قالدىم؟ ئاۋۇغۇ هېلىقى هالۋاپۇرۇش - مېنىڭ ئەقلىمنى ئالغان يىگىت شۇ، قېشىدىكى بەلەن سۈپەتلىك، دانا ۋە ھىممەت ئىگىسى كىم بولغاي؟» دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

مەلىكە زۆهرە جىبىن يەنە شۇنىمۇ كۆردىكى، هېلىقى ھىممەت ئىگىسى دەرۋىش هالۋاپۇرۇش يىگىتكە نەسىھەت ئەيلەپ:

— ئەي ئاشىقى سەرۋاز، ۋاي ئىشق شەيداسى، سەن كۆپتىن - كۆپ يىغا - زار، نالە ئەپغان قىلغىنىڭ ئۈچۈن بۇ جان قۇتقۇزغۇچى مەشۇقنى ئالدىڭغا هازىر قىلدىم. ئېيتىپ قوياي، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىل، زىنهار - بى زىنهار شەهۋەت ۋە ئىشرەتنىڭ كويىدا بولمىغىن. بىھۇدە تۆھمەتكە گىرىپتار بولۇشتىن ساقلان. بۇ تۈپەيلىدىن ماڭا هەم شىكەست يەتمىسۇن. ناۋادا نەپسىڭنىڭ هاۋايى - هەۋىسىگە بېرىلسەڭ، زەخمەت كۆرسەن، هەتتا بېشىڭ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما قولىنى تۇتساڭ، قۇچاقلىساڭ، ساڭا زەرەر يەتمەيدۇ، — دەپ هۇجرىنى خالىي قىلىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئاشىق بىلەن مەشۇق هۇجرا ئىچىدە يالغۇز قېلىشتى.

هالۋاپۇرۇش يىگىت مەلىكىنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، يۇقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى ۋە قىزغا ئۆزرە ئېيتىپ ئەرزىنى بايان قىلدى. مەلىكە بۇ هالدىن تەسىرلىنىپ، بىر پەس پىكىر - مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي جانىنىڭ ئارامى، هېلىقى كۈنى بىزنىڭ سارايغا هالۋا يۇ پەشمەت، لەۋزى شېرىنلىكلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئەقلىمنى زايىل ئەتكەن يىگىت سىز - ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مۇھەممەت ئېلى هالۋاپۇرۇش: «بەللى، ئاشۇ جانغا جان تەسەددۇق قىلغۇچى غۇلاملىرى مەن بولىمەن» دەپ ئۆزرىخالىق ئارىلاش ئاشىقانە سۆزلەرنى بايان قىلدى.

مەلىكە زۆهرە جىبىن يەنە سورىدى:

— بۇ نىچۇك ۋە قانداق ئەهۋال؟ سەن جىنمۇ ياكى پەرىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ جىنسىدىن ئەمەسمۇ؟ ئېھتىمال سەن كۆپلىگەن ئىلمۇ ھېكمەتلەر ئىگىسى ئوخشايسەن؟ ئەي جېنىمنىڭ راھىتى، بىر ياخشىلىق ئەيلەپ سورىغانلىرىمغا جاۋاب بەرگىن. مەن بۇ دەريادەك پىكىر ۋە ئەندىشىلەردىن خالاسلىق تاپاي، خاتىرەممۇ جەم بولسۇن...

مۇھەممەت ئەلى هالۋاپۇرۇش جاۋابەن ئېيتتى:

— ئەي مەلىكە دەۋران، ۋاي مەشۇقى زامان، سىز سورىغانلارنىڭ هەممىسىگە جاۋاب بېرىشىمنى ئىستىسىڭىز، ئالدى بىلەن بۇ بىر جام شارابنى ئىچىۋېتىڭ، «بىزمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئادەمدۇرمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىگە شاراب سۇنۇشتى، دىلدارلىق كۆرسىتىشتى، بىر - بىرىگە قول ئۇزىتىشىپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەيلىنى بەردى، قۇچۇشتى، سۆيۈشتى...

ئەتىسى سەھەر بولدى. ئەبۇ ئەلى سىنا نامىزىدىن پارىغ بولۇپ هۇجرىغا كەلدى ۋە بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىدى، مەلىكە زۆهرە جىبىن ئۆزىنى سارايدىكى خاس هۇجرىسىدا كۆردى. ئۇ كېچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ ئويلىدى: «بۇ

ھادىسىنىڭ بېشى تاسادىپىي، ئەمما ئاسان باشلاندى. لېكىن ئاخىرى بېرىپ ئاشكارا بولمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ شەھەر ئىچىدە سۆز - چۆچەك تارقالمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭ چارىسىنى قىلمىسام، كېيىنكى ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ...»

مەلىكە زۆھرە جىبىن دەۋەت، قەلىمىنى تەييارلاپ، كېچە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ شۈبھە قەغىزىگە يېزىپ چىقتى ۋە ئىنگئانىسىنى چاقىرىپ: «بۇ خەتنى ئاتامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭ!» دەپ يولغا سالدى.

مەلىكىنىڭ ئىنگئانىسى خەتنى پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇردى، پادىشاھ خەتنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كەلدى، ئۇ دەرھال دۆلەت ئەركانلىرىنى يىغدۇرۇپ، بۇ قىسسە ئاجايىپنى ھۆكۈمالار ئىچىدە بايان قىلدى.

بۇ ھۆكۈمالارنىڭ بەزىلىرى: «مەلىكىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاجايىپ ئىشلار جىن - شاياتۇنلارنىڭ قىلمىشىمىكىن؟» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «بۇ سېھىر - جادۇدىن بېشارەتتۇر» دېيىشتى.

پادىشاھ ئېيتتىكى: «مەن سىلەرنى نەچچە زاماندىن بېرى تەربىيەت قىلىپ، لۇتپى ئېھسانلار ئەيلىدىم. ۋاقتى كەلگەندە، كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقلىرىم ھېسابىغا بۇ ئىشنىڭ يولىنى كۆرسەتەلمىگىنىڭلار نېمىسى؟»

پادىشاھنىڭ قەھرى - غەزىپى تۇتقانلىقىنى كۆرگەن ئاكابىر - ئەشرەپلەر بىر ئېغىزدىن شۇنداق دېيىشتى:

—ئېي پادىشاھ بىزنىڭچە، مەلىكە دەۋران ياتقان ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا بىر قىسىم كۆزەتكۈچى ۋە جاسۇسلارنى قويۇپ، دەرۋازىنى مەھكەم تاقايلى. ئادەملەر ئۆزىنى دالدىغا يوشۇرسۇن، قېنى مەلىكىمىزگە خىرىس قىلغۇچى قانداق قىلىپ كېلىدىكەن ۋە قانداق قىلىپ تۇتۇلىدىكەن؟

مەسلىھەت شۇ تەرىقىدە پىشتى. كۈن كەچ بولدى. مۇھەممەت ئەلى ھالۋاپۇرۇش بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ كېلىدىغان يولىغا قاراپ ناھايىتى تەقەززالىق بىلەن نالە - زار قىلماقتىدى. ئەبۇ ئەلى سىنا يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇدى، تۇنۇگۈن ئاخشامدىكىدەك ھالەت يۈز بېرىپ، ھۇجرا تەۋرەپ، تاملار ھەرىكەتكە كەلدى ۋە مەلىكە زۆھرە جىبىن كىرىپ كەلدى.

ئەمما، مەلىكىنىڭ خاس ھۇجرىسىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاسىبانلار بىر - بىرلىرىنىڭ ياقىلىرىنى سىقىشىپ «ئەنە تۇتتۇم، مانا تۇتتۇم» بىلەن داۋراڭ كۆتۈرۈشتى. ساراي ئەتراپىنى «ھاي - ھۇي»، «ۋاي - ۋاي» ئاۋازلىرى بىر ئالدى. كېيىن ئەقلى - ھوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا، مەلىكە ئورنىدا يوق.

ئىشىك - دېرىزىلەر ھىم ئېتىك پېتى تۇراتتى. بۇ ھالدىن ئۇلار ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇشتى. دېمەك كېچىلىك ماراش پايدا بەرمىگەنىدى. «ئەگەر تاڭ ئاتسا، پادىشاھقا قانداق جاۋاب بېرەرمىز؟» دەپ غۇلغۇلا تەشۋىش باشلاندى.

بۇ چاغدا مەلىكە زۆھرە جىبىن بىلەن ھالۋاپۇرۇش يىگىت ئالدىنقى كېچىسىگە ئوخشاش شاراب - لەئلى مەيگۈن ئىچىشىپ، قوچاقلىشىپ، شېرىن خەنلىك بىلەن مۇھەببەتلەشمەكتىدى.

ۋاقتىكى، كېچە كېتىپ سەھەر بولدى. ئەبۇ ئەلى سىنا جۇدالىق ئەپسۇنىنى ئوقۇپ ئۇلارنى ئايرىۋەتتى. مەلىكە ئۆزىنى يەنە خاس ھۇجرىسى ئىچىدە كۆردى. ئايغاقچىلار مەلىكىدىن ئەھۋال سورىغانتى. ئۇ:

—دەردىمگە بىر ئىلاج ئەيلەڭلار، بولمىسا ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن... — دەپ شىكايەت قىلدى ۋە بۇ كېچە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىر بايان ئەيلىدى.

تاڭ ئاتتى، ئايغاقچى، جاسۇسلار شاھ ئالدىغا كىرىپ، ئاۋۋال ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنى، كېيىن مەلىكىدىن ئاڭلىغانلىرىنى مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان دۆلەت ئەركانلىرى: «بۇنىڭدا چوقۇم بىر ھېكمەت بار، بىزمۇ چوقۇم ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن تاقابىل تۇرمىقىمىز لازىمدۇر» دېيىشتى. ئاخىر بېرىپ مەسلىھەت شۇنداق بولدىكى «بۇ ئاخشامغا ئۈلگۈرتىپ بىر تاغار زەپەنى ئېزىپ، چىلاپ تەييارلايلى، مەلىكە ھۇجرىسىدىن چىقار چېغىدا قولىنى بۇ زەپە سۈيىگە چىلاپ چىقسۇن. ۋاقتىكى، ئۇ قايسى ئۆيگە كىرسە، بىز مۇشۇ نىشانە بويىچە مەلىكە كىرگەن ئۆينى ۋە ئۆي ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ئازاب بىلەن ئۆلتۈرەيلى» دېيىشتى. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن مەلىكە زۆھرە جىبىننى پەردە ئارقىسىغا ئېلىپ كېلىپ گەپ سورىدى:

—ئەي مەلىكە، سىلى قايسى ھۇجرىغا كىرىدىغانلىقلىرىنى بىلەملا.

—مەن قانداق بىلەي، بىلىدىغىنىم —پاكار بىر ئۆينىڭ ئىچى.

—ئۇنداقتا، —دېدى مەسلىھەت بەرگۈچىلەر،— بىز بىر تاغار زەپەنى ئېزىپ تەييار قىلدۇق، سىلى كەچكە يېقىن ئاشۇ زەپە سۈيىگە قوللىرىنى چىلاپ، تەق بولۇپ تۇرغايلا ۋە...

مەسلىھەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى مەلىكىگە ئېيتىپ تەلىم بەردى.

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايەت - ئەپسۇنغا مۇئەككەل پەرىشتىلەر شۇ ھامان ئەبۇ ئەلى سىناغا يەتكۈزدى. ئەبۇ ئەلى سىنا بىر ئەپسۇن ئوقۇۋىدى، مىسىر شەھىرىدىكى ھەممە ئىشىكلەرنىڭ بېشىغا زەپەگە چۆكۈرۈلگەن ئالقان ئىزى چۈشۈپ قالدى. (داۋامى بار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇقادىر مۇھەممەت**

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# ئۇيغۇرلاردا دەپنىدىن ئىلگىرىكى پائالىيەتلەر

دىلمۇرات مەھمۇت

مەيلى ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىش ھەر قانداق مىللەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۆرپ- ئادەتتۇر. ① ۋەھالەنكى بۇ خىل مەڭگۈلۈك ئۆرپ - ئادەتنىڭ قاچاندىن باشلاپ رەسمىي مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نېمە دېيىش تەس. «ئىجتىمائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈم مەڭگۈلۈك سىرلىق سەۋەبنى ئۆزىدە يوشۇرغان بولۇپ، ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك تاسادىپىي ھادىسە ئىدى. ئۆلۈم شەخس بىلەن جەمئىيەت كوللېكتىپىنى باغلاپ تۇرغۇچى زەنجىرنىڭ تۇساتتىن ئۈزۈلۈشى بولغاچقا، ئۇ ئۆلگۈچى بىلەن شۇ كوللېكتىپ ئارىسىدا يېڭى بىر مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلغان بولىدۇ. ئادەم ئۆلگەن ھامان بىر ئېتىبارسىز كىشى بولماي، بەلكى ئېچىنىش، قورقۇنچ، ھۆرمەت ۋە شۇنىڭدەك خىلمۇ خىل مۇرەككەپ تۇيغۇلارنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالاتتى. دەپنە بولسا بىرگە مۇشۇ تۇيغۇلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان كوللېكتىپ تەسەۋۋۇرلارنى نامايان قىلاتتى» ② بۇ كوللېكتىپ تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كوللېكتىپقا ئورتاق بولغان دەپنە ئادەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرەتتى. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ۋە بىر دەۋردىكى ھەر قايسى خەلقلەردە ئوخشىمىغان دەپنە ئادەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەل ئۆلۈمگە بولغان مۇشۇ خىل كوللېكتىپ ئاڭنىڭ كۆپ خىل بولۇشى سەۋەبىدىن ئىدى. بۇ خىل كوللېكتىپ ئاڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاشمىغان دىنىي، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر قايسى خەلقلەردە پەرقلىق بولۇپ كەلدى، قىسقىسى ئۆلۈم ئىنسانىيەتكە مۇتلەق ئورتاق ھادىسە بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان تونۇش، پوزىتسىيە ھەم شۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن مۇراسىم ۋە قەبرە قۇرۇلمىلىرى تارىختىن بۇيان ھەرگىز بىردەك



بولغىنى يوق. ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنى مەنبە قىلغان دىنىي ئېتىقادنىڭ مەلۇم بىر كوللېكتىپقا سىڭىپ كىرىشى شۇ كوللېكتىپنىڭ دەپنە ئادەتلىرىدە نىسپىي ئورتاقلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب ئىدى. ھالبۇكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ رەڭگارەڭ دەپنە ئادەتلىرىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ھەمدە ئۆزىگە تەسەللى تېپىشتىن ئىبارەت بىرلا نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە خارابىلەر بىزگە تارىختىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىپ كەلمەكتە. دىنىي كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلساق، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ «سۈرە مائىدە» قىسمىدا ئىنسانلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۆلۈمنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئۇ (قابىل) نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى. ئاللا ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى، ئۇ (بۇنى كۆرۈپ) ۋاي، مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىق بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟ دېدى...» بۇ ئايەتتىن ئىنسانىيەتنىڭ تۇپراققا دەپنە قىلىشنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئۆگەنگەنلىكىدىن ئىبارەت مەنىنى بايقىماي قالمايمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىلمىي قاراشلار بىلەن مۇئەييەن بىردەكلىككە ئىگە. لېكىن، بۇ يەنىلا كېسىپ يەكۈن چىقىرىش تەس بولغان بىر مەسىلە.

قانداقلا بولسۇن، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ مۇتلەق ئورتاق ھادىسىگە ئائىت ئادەت ـ يوسۇنلار پىسخىك، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىلىك پەرقلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى خەلقلەردە پەرقلىق بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقلەر بۇ خىل تەكشىسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ ئامىل ئىدى. چۈنكى ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ماھىيەتتە دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ئىدى. خۇددى گېرمانىيە پەيلاسوپى فېيرباخ ئېيتقاندەك: «ئەگەر دۇنيادا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ھادىسە مەۋجۇت بولمىغان بولسا، دىنمۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى، شۇڭا تۇنجى ئىلاھ قەبرە بېشىدا بايقالغان.» ③ ئەكسىچە بولغاندىمۇ، دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر قېتىملىق يەڭگۈشلىنىشى مىللىي دەپنە ئادەتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق يېڭىلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل يېڭىلىنىش ھامان مۇتلەق بولمايتتى. ئۇنىڭدا كۆپىنچە ھاللاردا ئىلگىرىكى بەزى دەپنە ئادەتلىرىگە يېڭى دىنىنىڭ تۈسىنى بېرىپ قوللىنىش ھادىسىلىرى ئۇچرايتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى يۇقىرىقى ھادىسىنى ئۆزىدە تېپىك ئىپادىلەيدۇ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئالدى. كەينىدە تېخىمۇ شۇنداق بولغان. ئىپتىدائىي شامانىزم، مانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا ھەم ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دەپنە ئادەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن مۇرەككەپلىك ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. يۇقىرىقى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس دەپنە قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار. مەسىلەن، ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا ئۆلۈكنى ئوچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىش كېرەك. بۇددا دىنىدا بولسا كۆيدۈرۈش شەرت ۋەھاكازالار. ھالبۇكى ئۇيغۇرلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز دىنىي ئېتىقادىغا يارىشا دەپنە ئادەتلىرىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنىنىڭ ئۈستىگە، يېڭى دىنىي قوبۇل قىلىش بىلەن تەڭ ئىلگىرىكى ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتمىگەن، ئەكسىچە، يېڭى دىن بىلەن بىۋاسىتە زىت بولمىغان ياكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان مەلۇم تەركىبلەرنى يېڭى دىنىنىڭ تۈسى بىلەن داۋاملىق قوللىنىۋەرگەن، دەپنە ئادەتلىرىنىڭ غول لىنىيىسى بولسا جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە بولغان. بۇ غول لىنىيىنىڭ بىرى تۇپراققا، ئوچۇقچىلىققا ياكى ئوتقا دەپنە قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. قەبرىلەرگە كەلسەك ئۇلاردا يۇقىرىقى ھادىسە ئىپادىلەنگەندىن سىرت جۇغراپىيىلىك ئامىللار كۆزگە چېلىقماي قالمايدۇ. ھەر قايسى رايونلار تۇپراق شارائىتىنىڭ قەبرە قۇرۇلۇشىغا بولغان تەسىرى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بىز بۇنى مەدەنىيەت، ئېتىقاد ئامىللىرىدىن سىرت ھالدا تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئۆلۈم ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرمىسا بولمايدىغان مۇقەررەر ھادىسە. دەرۋەقە، بارلىق جانلىقلار ئىچىدە يالغۇز ئىنسانلا ئۆزىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىردىنبىر مەخلۇق. ئىنسانىيەت تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، مىسىر فىرئەۋنلىرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بۈيۈك خانلىرىغىچە قەدەر ئۆلۈمدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىنىش ئىستىكىنىڭ سەلتەنەتلىك ئىزلىرى كۆز ئالدىمىزغا كەلمەي قالمايدۇ. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھاياتقا قىيالماسلىقتەك روھىي ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. دەل شۇ خىل روھىي ھالەت ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىق ئۇقۇمىنى روياپقا

چىقارغان. مانا مۇشۇ خىل ئۇقۇمنىڭتۇرتكىسىدە ئۆلۈمگە بولغان تەييارلىق بارا - بارا ئالاھىدە تەرتىپ - قائىدە ۋە ئىلاھىي تۈسكە ئىگە بولغان. ئەگەر كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى مەنزىل ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەنگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ئۆلۈمگە تەييارلىنىشتىن تارتىپ باشلىنىدىغان دەپنە پائالىيەتلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۆلۈمگە تەييارلىنىش ھەر قايسى دىنىي شارائىتتا ئۆزىگە خاس شەكىللەرگە ئىگە. بۇنىڭدا شۇ دىنىنىڭ ئۆلۈم قاراشلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئەنئەنىلەرنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش تەس. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئىسلام شارائىتى ئاستىدىكى ھادىسىلەرنى بايقىشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ بىرى سۆپىتىدە ئالدىنئالا يەرلىك ئىگىلەشنى كۆرسىتىمىز. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدىن بۇيان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى ئۇلۇغ كىشىلەر ياتقان يەرگە يېقىن ياكى تۇپرىقى، ئورنى ياخشى بولغان جايلارنى ئالدىنئالا ئىگىلەپ قويۇش ياكى سېتىۋېلىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. ئالدىنقى ئەھۋال يېزا - سەھرالاردا، كېيىنكى ئەھۋال چوڭ شەھەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بىر كىشى ئۆلۈش ئالدىدا ئامال بار قانداق يەردە يېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇقتۇرالمىغان شارائىتتا ئۆز جەمەتى دەپنە قىلىنىۋاتقان جايغا قويىدۇ. بۇنىڭدا كۈچلۈك ئىسلام ئاساسى بار. ئىسلامىيەتتە ئۆلگۈچى ئۆلۈمدىن ئىلگىرى مەلۇم بىر جايدا يېتىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنى شۇ يەرگە دەپنە قىلسا بولىدۇ. باشقا سەۋەب بولمىسا ئۆلگەن جايىنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلسا ياخشى بولىدۇ. ئابلا ئىبنى زۇبەيرى ئىسمىلىك بىر ساھابىنىڭ بايان قىلىشىچە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كىچىك ئايالى ئائىشە ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە بەقى گۆرىستان دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. ④

ئۇيغۇرلاردا قەرزدار پېتى ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ياخشى سانالماسلىقىمۇ ئىسلامىي يوسۇننى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولسا كېرەك. ئوخشاشلا ئۆلگۈچىنىڭ باشقىلاردىن قايتۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن قەرزلىرى بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قايتۇرماسلىقىمۇ چوڭ ئەيىب سانىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا بىر كىشى ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن ھامان بارلىق قەرزلىرىنى تۆلىۋېتىشكە ئالدىرىشى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. مېيىت نامىزى ئوقۇلغان چاغدا ناماز ئەھلى بىلەن ئۆلگۈچى ئارىسىدىكى تېخى ئۈزۈلمىگەن ئىلىم - بېرىم مۇناسىۋىتىنىڭ سۈرۈشتۈرۈلۈشى بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئۇيغۇرلاردا كۆپىنچە بۇ خىل مۇناسىۋەت ئاشكارا ئەمەس، ئايرىم، تىنچ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە ئارتۇق گەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئالدىنئالا قېزىلغان گۆر ئىچىگە كىرىپ يېتىپ بېقىش يەنە بىر ئالاھىدە ھادىسە. بۇنىڭدا ئومۇمەن گۆرنىڭ ئۆزىگە ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سىناش مەقسەت دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت شۇلا ئەمەس. چۈنكى ئۆلچەملىك گۆرنىڭ بىر نورمال كىشىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ ئۆلۈمگە تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىق كۆرۈش، قورقۇنچ، تەشۋىشنى پەسەيتىش ئىستىكىدىن ئىبارەت.

ئومۇمەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىككى ئالەم قارىشى كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئالەم قارىشى ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ ئەلۋەتتە بولغان. شۇنداقتىمۇ بۇ تەييارلىق پائالىيەتلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئالەم قارىشى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. بۇ خىل قاراش بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەنئەنىسى ۋە ئىنسانىي تۇيغۇلىرىمۇ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

**1. ھازا ۋە ئۇنىڭ پسخىك قاتلىمى**

ھازا ئۆلگۈچىگە بولغان قىيالماسلىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «ھازا ئېچىش» ۋە «ھازا تۇتۇش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، ئومۇمەن ئۆلگۈچىگە بولغان ئېچىنىش ۋە جۇدالىق ھېسسىياتىنى ئاشكارە ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ھازا سۆزى ئاڭلىماققىلا يىغا - زارىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھازا ئېچىش ئادەتلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ ماتېرىياللارغا ئىگىمىز. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۇلاردا ئەكس ئەتكىنى ئۆلۈمدە قاتتىق يىغلاش، يۈزىنى پىچاقتا ياكى تىرنىقىدا تىلىپ قان چىقىرىش، ياقىسىنى يىرتىش شەكلىدىكى ھازا ئېچىش جەريانلىرىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ھاسىل قىلغان خەلقلەردە بۇ خىل ھازا ئېچىش ئادىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەردىمۇ شۇنداق ئادەت بولغان. «ماتەم بولغاندا بولۇپمۇ ئاياللار مەيدىسىنى، يۈزىنى شاپىلاقلاپ، تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ قايغۇسىنى ئىپادىلىگەن. كىشىلەر كەسپىي ھازىچى ئاياللارنى ياللاپ ئىشلەتكەن⑤». مەھمۇد قەشقىرىمۇ ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ماتەم مۇراسىمى بولغاندىكى ئەھۋالىنى «ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ، ياقا يىرتىپ، ۋارقىرىشىپ، ئۇنىڭ بېرىچە چىرقىراپ،

ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر »⑥ دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ خىل ھازا ئېچىش ئادىتى ھونلار، ساكلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردىمۇ بولغان. جۈملىدىن شىمالىي يايلاق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەبىستانغىچە بولغان زېمىندىكى خەلقلەردە قەدىمدە بۇ خىل ئادەت بىردەك مەۋجۇت بولغان.

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ياشاپ ئۆتكەن تارىم ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىزما مەنبەلىرىمۇ بىزنى يازما مەنبەلەرگە ئوخشاش قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. دۇنخۇاڭ ۋە كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھازا تۇتۇۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياقىلىرىنى يىرتىۋاتقان، بەزىلىرى چاچلىرىنى يۇلۇۋاتقان، بەزىلىرى يۈزىنى، مەيدىسىنى قولاقلىرىنى پىچاقتا تىلىـــۋاتقان ھالەتتە سىزىلغان. (1.2 ـ رەسىم)



(1 ـ رەسىم: دۇنخۇاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ھازا كۆرۈنۈشى)



(2 ـ رەسىم: كۇچا مىڭئۆي تام رەسىمدىكى ھازا كۆرۈنۈشى)

بۇ ھازىدارلارنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى ھەسرەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرىـدا كۆيدۈرۈلـۈش ئالدىـدا تـۇرغان ئۆلگۈچىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا سىزىلغان.

بۇخارا رايونىدىن تېپىلغان بىر دانە جەسەت كۆلى كومزىكىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان رەسىمدىمۇ ئوخشاشلا بىر ئۆلگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاچلىرىنـــى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى تىلىپ ھازا ئېچىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى سۈرەتلەنگەن. (3 ـ رەسىم)



(3 ـ رەسىم: بۇخارا رايونىدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت جەسەت كۆلى كومزىكى)

ئىران شاھى سىياۋۇشنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئېچىـــش مەزمۇنىدىكى رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇددىزىم تام رەسىملىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ۋەكىللىـــك ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەنجىكەنت 2 ـ نومۇرلۇق ئورۇندىن چىققان مەشھۇر تام رەسىمدۇر. ياكوبوۋسكىنىڭ قارىشىـــچە، قۇرۇلۇشنىڭ ئاستىدىكى 11 ئادەمنىڭ ئالتىسى سوغدى، بەشى تۈرك ئىكەن. يۈزىنى تىلىپ، چېچىنى يۇلۇپ ھازا ئېچىش مەزمۇنىدىكى رەسىملەر بۇددىزمنىڭ تارقىلىش مەركىزى بولغان قەندىھار ۋە ھىندىستاندىن تېپىلمايدۇ. روشەنكى بۇ بىر خىل مۇراسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسلىدە بۇددا دىنىنىڭ ئادىتـــى ئەمەس. ⑦ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھونلاردا ئەڭ دەسلەپتىلا بۇ خىل ھازا ئېچىش ئادىتىنىڭ بولۇشـــى بۇنـــى دەلىللەيدىغان يەنە بىر پاكىت. (4 ـ رەسىم)



(4 ـ رەسىم: پەنجىكەنتتىن تېپىلغان بۇددا تام رەسىملىرى)

خوش، ئۇنداقتا بۇددىزم تام رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ خىل ھازا ئېچىش ئادىتى بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى بولمىسا، نىمىشقا بۇددا سۈرەتلىرى بىلەن بىرگە سىزىلىدۇ؟ روشەنكى، بۇددا دىنىدا ئەسلى بۇ خىل ئادەت بولمىغان ھەم چەكلەنمىگەن. بۇددىزمدىن ئىلگىرىلا شۇ خىل ئەنئەنىگە ئىگە بولغان ئەجدادلىرىمىز بۇددىزمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى تاشلىمىغان. ئىسلام دىنىدا بۇ ئادەت ئۇزۇل - كېسىل چەكلەنگەچكە ئىسلامىيەتتىن بۇيان ئەمەلدىن قالغان. مەسىلەن: رىۋايەت قىلىنىشىچە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «كىمكى مېيىتكە يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ يىغلىغانلىقى تۈپەيلىدىن مېيىت ئازابقا قالىدۇ. يۈزلىرىنى تىرمىلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ ئاللا - تۇۋا سېلىپ يىغلىغانلار بىزنىڭ سۈننىتىمىزگە مەنسۇپ ئەمەس كىشىلەردۇر» دېگەنلىكى مەلۇمدۇر. بۇ خىل كەسكىن چەكلىمە بۇددا دىنى ۋە باشقا ئىپتىدائىي دىنلاردا ئۇچرىمايدۇ. جۈملىدىن ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا قانغا بولغان ئالاھىدە ئېتىقاد مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: مافۇمىيىت ئاركايىشكالىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى ئاتەشپەرەسلىك دىنى مۇرتلىرى بۇخارا ئەتراپىدىكى سىياۋۇش قەتلە قىلىنغان جايغا كېلىپ بىر ياقتىن ھۆكرەپ يىغلاپ، بىر ياقتىن نەزىر ئۆتكۈزۈپ،نەزىرلىك قىلىنغان قاننى ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تۆكىدىكەن. ⑧ بۇ يەردە قاننىڭ ئالاھىدە بىر خىل رولىنى بايقاش مۇمكىن. ھازىدارلارنىڭ يۈزلىرى، مەيدىلىرىدىن ئاققان قانلار بىلەن سىياۋۇشنىڭ قەبرىسىگە قان تۆكۈشنىڭ قانداقتۇر بىر خىل باغلىنىش بارلىقى ئېنىق. ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى قۇياش ۋە ئوتنىڭ قىزىللىقى بىلەن قاننىڭ قىزىللىقى بىر - بىرىگە چېتىلىدۇ. «قەدىمكى نۇرغۇن مىللەتلەر قىزىل رەڭنى قۇياشنىڭ، ئوتنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغان، بۇمۇ ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى» ⑨ دېمەك، بۇ يەردە قان - قۇياش، قىزىللىق ھەممىسى ئوخشاشلا ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ھالبۇكى، قان بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بىۋاسىتە بولغان ھاياتلىق ئۇنسۇرىدۇر. قان تۆكۈلۈشنىڭ ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىشى بۇنىڭ تۈنجى سەۋەبى. بىراق، بۇ خىل ھازا ئېچىش ئادىتى بىۋاستە ھالدا ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن باغلىۋېلىشقا بولمايدۇ. قان بىلەن ھاياتلىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تۇيغۇسى تەبىئىي ھالدا نۇرغۇن ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە قەدىمدىن تارتىپ بولۇپ كەلگەن. ھازىرقى تاسمانىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ غەربىي ياپىلىقىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى خەلقلەردىمۇ يۈزىنى، بەدىنىنى تىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ھازا ئاچىدىغان ئادەت بارلىقى مەلۇم. ⑩

تىرىكلەرنىڭ ئۆز بەدىنىنى زەخىملەندۈرۈپ قان چىقىرىش ئارقىلىق ئۆلگۈچكە ھازا ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ھازىرقى تەتقىقاتچىلار تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ. 1) ئەرۋاھنىڭ ئازابى ۋە ئۆچمەنلىكىنى بېسىپ، قورقۇنچ كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇش. 2) ئۆلگۈچكە تۇغقانلىرىنىڭ چىن يۈرەكتىن ئازابلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 3) ئۆلگۈچى بىلەن تىرىكلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاش. 4) تىرىكلەر قېنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنياغا بېرىشتىكى كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل - پاراستىنى ئاشۇرۇش. 5) ياغىش قىلىش يوسۇنىنى ئىپادىلەش. 6) ناپاكلىقنى يوقىتىش. ⑪ يۇقىرىقىلار ئىچىدە 3) ۋە 4) خىل مەقسەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلاردا بىۋاسىتە ھالدا قان بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇيغۇلار ئەكس ئەتكەن. ئۇندىن قالسا 2) خىل مەقسەت، ئۇندىن قالسا 5) 6) ۋە 1) خىل مەقسەتلەرنى ساناش مۇمكىن. يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى مۇتلەق ھالدا چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

بۇ خىل ھازا ئېچىش ئادىتىنى بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەتكە تارقالغان، يەنى «ئەڭ دەسلەپ ساكلاردا بولغان، بۇ ئادەت ئۇلاردىن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر ۋە ھونلارغا تارقالغان. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەردىن يەنە باشقا مىللەتلەرگە تارقالغان» ⑫ دېيىش ھەرگىز پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق تارقىلىش تەلىماتى كۈچكە ئىگە بولسا، شۇ تەرىقىدە خەنزۇلارغىمۇ بۇ خىل ئادەت تارقىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇيغۇرچە ياسىنىش، ئۇيغۇرلارنى ئۆرنەك قىلىش ئەۋج ئالغان تاڭ دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇ ئادەت تارقالمىغان. «يېڭى تاڭنامە»، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بايانچور خاقان ۋاپات بولغاندا نىڭگو مەلىكە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈزىنى تىلىپ ھازا ئاچىدىغان ئادەت يوقلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى بىلەن بۇنداق ھازا ئېچىش ئەنئەنىسى سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئىسلامىيەتتە بۇ خىل ئادەتنىڭ، ئەقەللىيىسى

قاتتىق يىغلاپ ھازا ئېچىشنىڭمۇ چەكلىنىش سەۋەبىنى «مىڭ بىر كېچە» دىكى مونۇ پارچىدىن ئوبرازلىق ھالدا قايتا ھېس قىلالايمىز:

ـ سىلەر قۇرۇقلۇقتىكى كىشلەر بىرەرسى ئۆلسە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئازابلىنىپ يىغلايدىكەن. بولۇپمۇ ئاياللار چىرايلىرىنى بۇزۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، يىغلاپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىكەن. سىلەر قۇرۇقلۇقتا ياشاۋاتقان كىشلەر ئەجىبا ئاللانىڭ ئامانىتى ئەمەسمۇ؟

ـ توغرا، ئاللانىڭ ئامانىتىمىز.

ـ بىراق، ئاللا ئۆز ئامانىتىنى قايتۇرۇۋالغاندا، سىلەر ھەمىشە ئۇنى قايتۇرغۇڭلار كەلمەيدىكەن. ھەتتا شۇ سەۋەبتىن ئازابلىنىپ يىغلايدىكەنسىلەر... ئەكسىچە ھەر قېتىم پەرزەنت كۆرگىنىڭلاردا خۇشاللىقىڭلاردىن تېرەڭلەرگە پاتماي قالىدىكەنسىلەر. يېڭى ھاياتلىقنىڭ روھى ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە قويغان ئامانىتى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، سىلەر نېمىشقا ئۇنى پېشكەللىك دەپ قاراپ، قايغۇرۇپ يىغلايسىلەر؟⑬

يىغىپ ئېيتقاندا يۈزىنى تىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، قۇلاقلىرىنى كېسىپ، قاتتىق يىغلاپ ھازا ئېچىش مەزمۇنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يوقىلىش سەۋەبىمۇ ئىسلامىيەت بىلەن ئەنە شۇنداق چېتىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پەقەت قاتتىق يىغلاش، ياقا يىرتىشتەك ئادەتلەر خېلى كەڭ ئۇچرايدۇ. باشقا بىر قىسىم غەيرىي ھازا ئېچىش ئادەتلىرىمۇ بار. مەسىلەن: چاقىلىقتىكى قۇرۇق جىنازىنى چۆرگىلەپ، يىغلاپ ھازا ئېچىش ئادىتى، ئاتۇشتىكى نوغۇچ تۇتۇپ ھازا ئېچىش ئادىتى، كورلىدىكى ئۇششاق شاخلارغا تايىنىپ ھازا ئېچىش ئادىتى ۋە ھاكازالار. بۇلارمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ھازا ئېچىش ئەنئەنىلىرىدىن بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئاتۇشتىكى نوغۇچ تۇتۇپ ھازا ئېچىش ئادىتىنى ئالساق، ئۇ پەنجىكەنت 2 ـ نومۇرلۇق ئورۇندىن چىققان رەسىمدىكى ھالەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. يەنى رەسىمدىكى ھازىدارلارنىڭ بەزىلىرى قوللىرىغا ئېگىلگەن توقماق شەكىللىك نەرسىنى، بەزىلىرى چوّمۇچنى ئېلىۋالغان ھالەتتە سىزىلغان. روشەنكى بۇلاردا مۇئەييەن بىر باغلىنىش بار. ئومۇمەن ئىسلامىيەتتىن كېيىن ھازا ئېچىش ئەنئەنىلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاددىيلىشىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئىلگىرىكى بەزىبىر تەركىبلىرىنىمۇ يوقاتمىغان. ئۇيغۇرلاردىكى ھازىنىڭ ئىسلامىيەتنى پاسىل قىلغان ھالدا ئىككى دەۋرگە ئايرىلىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا مۇتلەق ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن كېيىن ھازىدا قاتتىق يىغلاش ئەنئەنىسى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىكى ھالەتلەرگە نەزەر سالساقمۇ شۇنداق. يىغا ـ زارە بولمىغان ئۆلۈمنىڭ قىزىمىغان تويغا ئوخشىتىلىشى بىر خىل ئومۇمىي كەيپىيات تۈسىنى ئالغان. ھازىدا يىغلىماسلىقنىڭ ئۆزى ئۆلۈمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىق بولۇپ سانىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئادەتتە ھازا ئاچقاندا ئۇيغۇر ئاياللىرى مەخسۇس بىر ئۆيگە يىغىلىپ يىغلىشىدۇ. ئۆلۈم بولغاندىمۇ ئەڭ ئاۋۋال يىغا ئاۋازىغا قاراپ تۇرۇپ ئەتراپتىكى قوشنىلار خەۋەر تاپىدۇ. يىغا ـ زارسىز ئۆلۈم ئۇزىتىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

ئىسلام دىنىغا ئوخشاشلا خرىستىئان، كاتولىك دىنلىرىدىمۇ ئۆلگۈچىگە قاتتىق يىغلاش چەكلىنىدۇ. غەربلىكلەر نەزىرىدە ماتەم مۇراسىمى ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمەت ۋە سېغىنىشنى ئاخىرقى قېتىم ئىپادىلەيدىغان پۇرسەت بولۇپ، بۇ يىغىلىشتا ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتىنى خۇشاللىق بىلەن ئەسلەپ ئۆتۈش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى، ئەكسىچە يىغا ـ زارە ئاساس بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ⑭بۇ خىل قاراشتا دىنىي كەيپىياتتىن كۆرە بىر خىل مەدەنىيەت ئېڭى ئاساسىي ئورۇنغا چىققان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى دەسلەپكى دىنىي ئاساسىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئەكسىچە بولغان شۇ خىل ئادەتنىڭ تەبىئىي ھېسسىيات تۈرتكىسى ۋە مىللىي قائىدە ـ يوسۇن تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ كېلىشى مەلۇم بىر تۇرغۇن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغىنىدەك، كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان تۇرمۇش، مەدەنىيەت سەۋىيىمىزگە ئەگىشىپ جىددىي ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىشلارنى باشتىن كۆچۈرۈشى ئېھتىمالغا يېقىن.

**2) ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ قاتلىمى**

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ھازا قوشاقلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كۆرۈلىدۇ. ھازا قوشاقلىرى ھازىدارلارنىڭ ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمىتى، سېغىنىشى ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىغان، مۇئەييەن شېئىرىي تۈسكە ئىگە قوشاقلار بولۇپ، ئۇ دەل ھازا بولىۋاتقان چاغنىڭ ئۆزىدە ياكى مەلۇم ۋاقىتتىن

كېيىن توقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم ھەسرەتلىك ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم كونكرېت شارائىت ئىچىدە توقۇلغان بولغاچقا، ئۇلاردىن مەلۇم رېئال شەخسلەرنىڭ ئىزلىرىنى بايقىماي قالمايمىز. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ئادەت خېلى كەڭ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قەشقەر، ئاتۇش ۋە قاغىلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا ھازا قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىدىغان ۋە توقۇيدىغان ھازىچى (يىغىچى) كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن يېشى چوڭراق پىشقەدەم ئاياللاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يۇرت ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ، شۇ يۇرت ئىچىدە بىرەرسى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇ يىغىچى ئايالغا خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال بىر قولىغا ھاسا ئېلىپ، ماتەم ئۈچۈن تىكىلگەن ئۇزۇن تونىنى تەتۈر كىيىپ، ئۆلگۈچىنىڭ شەنىگە ئوقۇلغان ھازا قوشاقلىرىنى مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىدۇ.⑮ ئەرەبلەردىمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى شۇنداق ئادەت بولغان. «كەسپىي يىغىچى ئاياللار» نىڭ ئۆلگۈچىگە يىغلىغاندا ئېيتقان ھەسرەتلىك سۆزلىرى قاپىيىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قايغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ⑯ ئىسلامىيەت دەۋرىدە بۇ خىل ئادەت چەكلىمىگە ئۇچرىغان. پەقەت ئۆلگۈچىگە ئاتاپ شېئىر، مەرسىيە ئوقۇش يولىغا قويۇلغان. لېكىن ئۆلگۈچىنى ئارتۇق ماختىۋېتىش، بولۇپمۇ جىنازىنىڭ قېشىدا مەرسىيە ئوقۇش چەكلەنگەن. ⑰ بۇ يەردە دېيىلگەن شېئىر، مەرسىيەلەر يىغلاپ تۇرۇپ، مەلۇم ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان، تەقدىردىن، بەختسىزلىكتىن، يېتىملىكتىن زارلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ھازا قوشاقلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇ دەل ھازىرقى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، داڭلىق شەخسلەرنىڭ ماتەم مۇراسىملىرى ياكى نەزىر پائالىيىتىدە ئۇنىڭغا ئاتاپ يېزىلىدىغان ۋە ئوقۇلىدىغان مەرسىيە نامىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز دەۋاتقان ھازا قوشاقلىرى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ھازا قوشاقلىرى ئېيتىش ئەنئەنىسى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ مەھمۇد قەشقىرى بىزنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ ئۆلۈمىدە ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن بۇ بىر پارچە قوشاقتا شامانىزم دەۋرىنىڭ ئىزنالىرى كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر. ⑱

بۇ خىل شېئىر شەكلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىلغان. «ئەمىر گۆر ئوغلى» داستانىدا گۆر ئوغلى خوتۇنلىرىدىن ئۆزى ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ قانداق قارىلىق تۇتۇپ يىغلايدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇلار مۇنداق نەزمە توقۇيدۇ:

ئۇن يېشىڭدا غارىلدىغان غاز ئىدىڭ،
30 ياشتا ئەسقەر تاغدا بار ئىدىڭ.
كۆپ دۈشمەنگە ئۆچ بولۇتتەك دار ئىدىڭ،
بۇلۇت چايناپ مۇز يۇركىگەن سۇلتانىم.
ھازىرقى زامان ھازا قوشاقلىرىدىن ئۆرنەك:
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى كەتتى،
كۆڭلۈمنىڭ شادلىقى كەتتى.
تىلىمنىڭ تاتلىقى كەتتى،
چاردانىمدىن ئايرىلدىم. ⑲

ئومۇمەن ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرى بەدىئىي شەكىل جەھەتتە كۈچلۈك ئاھاڭدارلىقىنى قوغلاشقان بولۇپ، ئېيتىشقا، يادلاشقا قولايلىق، مۇڭلۇق ئاھاڭغا سېلىنسا ناھايىتى تەسىرلىك تۈسكە كىرىدۇ. بۇنى بىز ھازا ئاچقان چاغدىكى ئالاھىدە ئېھتىياج تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرىدا ئازاب ئېگى روشەن مىللىي ئۇسلۇب بويىچە ئىپادىلەنگەن. جۈملىدىن بۇلبۇل قانىتىنىڭ قايرىلىشى، ئېگىز چىنارنىڭ يىقىلىشى، كۆزنىڭ گۆھىرىدىن ئايرىلىش، كۆزگە زۇلمەت پېتىش، كۆز يېشىنىڭ سەل بولۇشى، يىگەن ئېشىنىڭ زەھەر بولۇشى، تاغۇ تاشلارنىڭ تەۋرىشى، باھارنىڭ خازان بولۇشى قاتارلىق مېتافورالار ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرىدا تەكرار قوللىنىلىپ، قايغۇ ـ ئەلەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ تەسۋىرلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئازاب تۇيغۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى توغرىسىدىمۇ بەزىبىر چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ھازا قوشاقلىرى ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت ئارىسىدىكى جۇدالىق، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىش تېمىلىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مۇئەييەن كونكرېتلىققا ئىگە.

ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىش ناھايىتى ئېغىر بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. يېتىم بالىلار ئادەتتە ئۆزىنى ھەر جەھەتتە كەمسىتىدۇ، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ

تۆۋەن بولۇشى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشتا چەتكە قېقىلىشىدا ئۇلارنىڭ يېتىملىكى چوڭ بىر سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرىدىن بۇ خىل ۋەزىيەتنى بايقاش تەس ئەمەس، مەسىلەن:

جانىم ئانا بۇ دۇنيادا مەن غېرىب،
يىگىرمە ئالتە يېشىمدا سىزدىن ئايرىلىپ.
خىيال بىلەن يىلى ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ،
يولدا قالدىم سامان ئوخشاش سارغىيىپ.
كەتكەن ئىكەن ئاتام مېنى ساڭا تاشلاپ،
جانىم ئانا كەتتىڭ مېنى كىمگە تاشلاپ.
بۇ دۇنيادا ئۆتەرمەنمۇ غېرىب بولۇپ،
يېتىملىكتە كۆڭلۈم كۆلمەي يىغلاپ، قاقشاپ. [20]

مەيلى چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىش زور ئازابلىق ئىش. يۇقىرىقى قوشاقنىڭ ئاپتورى گەرچە 26 ياشقا كىرگەن نەۋ قىران بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يېتىملىك تۇيغۇسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ياش قۇرامغا يەتكەن بىر كىشىنىڭ يېتىملىك دەردىدە يىغلاپ ئارتۇقچە ئازابلىنىشى ئەكسىچە بىر خىل پاسسىپ روھىي ھالەتتىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە بىر مىسال:

يىغلادىم مەن يىغلادىم،
قارا كۆزۈم تولغۇچە.
نېمىشقىمۇ تۇغقانسەن،
يېتىملىكتە قويغۇچە. [21]

بۇ قوشاقلارنى توقۇغانلار شۈبھىسىزكى قۇرامغا يەتكەن ياشلار، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېتىملىكتىن ئىبارەت بۇ بەختسىزلىكنى ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بەختسىزلىكى دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەزەلدىن يالغۇز بىر خىل قانداشلىق مۇناسىۋەتلا ئەمەس، بەلكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىنى بېقىپ، قاتارغا قوشۇپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغان بولمايدۇ. ئۇلار داۋاملىق ھالدا ئۆز پەرزەنتلىرىنى پاناھىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ بېقىشى كېرەك. مانا بۇ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش قارىشىنىڭ بىر قىسمى. بۇ خىل پاسسىپ كوللېكتىپ ئاڭنى توپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ھالبۇكى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بولغان ساپ، دۇرۇس تۇيغۇلىرىمۇ بۇ خىل قوشاقلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. مەسىلەن:

دەرد بىلەن ئۆلۈپ كەتتىڭ جانىم ئانا،
سەن كېتىپ ئالتە بالاڭ نەدە قالار.
بالا تۇغۇپ دۆلىتىنى كۆرمىدىڭ،
قادىر خۇدا جايىڭنى جەننەت قىلار.
دۆلىتىڭدىن ئايرىلدى ئەزىز بالاڭ،
كېچە ـ كۈندۈز خىيالدا بولدۇم ساراڭ.
بەرگەن سۈتۈڭ ھەققى قالدى بوينۇمدا،
ئۆلۈمىڭنى ئۇزىتالماي ئاجىز بالاڭ. [22]

بۇ قوشاقلاردا يۇقىرىقى قوشاقلاردىكى كەيپىياتقا زىت ھالدا، پەرزەنت بولغۇچىنىڭ ئانىسىغا بولغان قەرزدارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. ئاتا ـ ئانىنىڭ باققان ئەجرىنى قايتۇرۇش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ھەم ئادەملىك مىزانىدۇر.

ئوخشاشلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىدىن ئايرىلىش ئازابى ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت جۇدالىقىدا ئازاب چېكىشى گاھىدا خۇدادىن نارازى بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. تۆۋەندىكىسى قىزىدىن ئايرىلغان ئاتىنىڭ قوشىقى:

نېچۈك ئەيلەي خۇدالىقتىن،
تاپالماي رىزالىقنى.
نىتەي ئەمدى گادايلىقتىن،
ئادالىتىمدىن ئايرىلدىم.
دىلىمدىن نالىلەر قىلدىم،
ئۆيۈمنىڭ زارىنى بىلدىم.
ئىتائەت قىلمىدىم، تەڭرى،
سېنىڭ يولۇڭدىن قايرىلدىم. [23]

ئېھتىمال بۇ جۇدالىق ھەسرىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك. ئىسلام دىنىدا ھەر قانداق ھادىسە خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تەقدىرگە باش ئېگىپ، ئاھۇ پەرياد چېكىش بىلەن چەكلەنمەي، خۇداغا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلەشنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى بولغان ھازا ئېڭىنى نامايىش قىلىپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر خەلق ھازا قوشاقلىرىدا يەنە ئۆلگۈچىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان ئىجتىمائىي كۈچلەر، سىياسىي مۇھىت ۋەھازاكالارمۇ كۆپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئاساسەن تارىخىي قەھرىمانلار، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پۇقرالارنىڭ شەنىگە توقۇلغان قوشاقلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز

رېئال قىممىتى بىلەن مەلۇم بىر ئىجتىمائىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

بۇ خىل قوشاقلار يەنە مەزمۇن جەھەتتە دەپنە پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانلىرىدىن بەدىئىي ياقتىن خەۋەر بېرىش ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە. بۇلارنى ئوقۇغان كىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ خىل ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەر ھاسىل بولىدۇ.

مەسىلەن:

سۇرە ياسىننى ئىچكەندە ئانام،
سىنچاي ئىچتى دەپتىمەن، ئانام.
ئېگىزلىكىمىزنى چاتقاندا ئانام،
لېچەك سالدى دەپتىمەن، ئانام.
قارا كۆزى يۇمۇلغاندا ئانام،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن، ئانام.
يەرلىكىمىزنى كولىغاندا، ئانام،
ئۇچاق كولىدى دەپتىمەن، ئانام...
تاۋۇتقا سېلىپ ماڭغاندا ئانام،
مەپىگە چىقتى دەپتىمەن، ئانام.
يەرلىكىمىزگە كۆمگەندە ئانام،
چامغۇر كۆمدۇق دەپتىمەن، ئانام.

يۇقىرىقى قوشاق ھەم تەسىرلىك بىر پارچە ھازا قوشىقى ھەم مەلۇم فولكلور ھادىسىلىرىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى بىر قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەن ماتەم قايغۇسىنى ئەنە شۇنداق رىتىملىق قوشاقلار بىلەن ئىپادىلىشى بىزگە يەنە ئازابنى يالغۇز يىغا ـ زارە، ئاللا ـ توۋا بىلەنلا ئاشكارا قىلىشتىن زور دەرىجىدە ھالقىغان، مەنىۋى تۇرمۇشى ئالاھىدە مول بولغان، ھەممە ئىش ـ پائالىيىتىگە سەنئەتلىك تۇس بېرىشنى ئەنئەنە قىلغان بىر خەلقنىڭ ئۆزگىچە پسىخىك دۇنياسىنى نامايان قىلىدۇ، تراگېدىيە گۈزەللىكىنىڭ بىر يارقىن كۆرۈنۈشىنى ئاشكارىلايدۇ.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ خىل ئەنئەنە بارا ـ بارا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. شەھەرلىشىش دولقۇنى، جىددىيلىشىۋاتقان تۇرمۇش رىتىمى، غەرب ئىدېئولوگىيىلىرىنىڭ تەسىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ساغلام ئەنئەنىسىگە ئەگىشىش قاتارلىق يۈزلىنىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئادەتنىڭ يوقىلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولماقتا. بۇ بىر خىل ئەنئەنىنىڭ يوقىلىشىدىنلا ئەمەس، بىر خىل كوللېكتىپ پسىخىكىنىڭ ياتلىشىشىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

**3) ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىش**

دەپنە قىلىنىش ئالدىدا ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىشنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك جۇدالىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ چاغدىكى ئايرىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئالاھىدە قائىدە ـ يوسۇن تۈسىنى ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى شۇ خىل ئادەتلىرى ئىسلامىيەت بىلەن ماسلاشقان. ئېرى ياكى ئايالى ئۆلگەن كىشىنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن ھەر قانداق شەكىلدە ۋىدالىشىشنىڭ چەكلىنىشىنى ئىسلامىيەتتىن سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. ئىسلامىيەتتە ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى ئۆلگەن ھامان ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىمۇ ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆلگۈچىنى يۇيۇش، تۇتۇش، سۆيۈپ ۋىدالىشىشى چەكلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا مېيىت بىلەن ۋىدالىشىش ئىشى ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەتتا مېيىتنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىش مەسىلىسىدىمۇ ھەدىس بويىچە ئىش كۆرۈش ئىشقا ئاشقان. يەنى، ئىسلام ئەھكاملىرىدا مېيىتنى دوستلۇق ھەم ھۆرمەت يۈزىسىدىن سۆيسە بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەز ئۇننى سۆيگەن. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇنى سۆيگەن. مېيىت ئىگىلىرى مېيىتنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىشنى سورىسا چەكلەنمەيدۇ. جۈملىدىن جابىر زەرىيۇللا ئەنھۇ دادىسى ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، كۆرۈپ تۇرۇپ ياش تۆككەن. [24] ئومۇمەن، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ دەپنە پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ھەر بىر ئىش ھەرىكەتلىرى كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيەت ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن.

**4) ئۆلگۈچىنى دەپنىگە تەييارلاش**

ئىسلامىيەتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۆلگۈچىنى دەپنىگە تەييارلاش ئادەتلىرىدە زور پەرقلەرنىڭ بولغانلىقى تەبىئىي، ئىسلام دىنى بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنىڭ ئىچىدە كىيىمسىز كۆمۈلگەنلىرى يوق دېيەرلىك. ئىسلامىيەتتە كىشىلەرنىڭ يالىڭاچ كەلگەندەك يالىڭاچ ھالدا ئۇ دۇنياغا كېتىشى ئەۋزەل دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە ئەرلەر ئۈچ قات، ئاياللار بەش قات كېپەنگە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن نامازغا ئەڭ لايىق كىشىلەر، ئەرلەر ئەرلەرنى، ئاياللار ئاياللارنى يۇيۇشى كېرەك. [25] مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئالاھىدە ئالدىراش زۆرۈر، ئۆلۈمنى

ھۆرمەتلىگەنلىك ئۇنى دەپنە قىلىشقا ئالدىراشتۇر دېيىلىدۇ. بەش ۋاق ناماز ۋاقتىدىن باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتا مېيىتنى دەپنە قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئومۇمەن بىر كۈندىن ئارتۇق ساقلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۆلگەن كىشى ئەگەر ياخشى بولسا، ئۇنى تېزرەك دەپنە قىلىش ئارقىلىق ساۋاپقا ئېرىشىش؛ ئەگەر يامان كىشى بولسا ئۇنى تېزرەك باقىي ئالەمگە ئۇزىتىۋېتىش ئۈچۈندۇر، ㉖ دېيىلىدۇ. ئىسلام ئادەتلىرىدىكى بۇ تەركىبلەر ئاددىي ـ ساددا، تېجەشلىك ھەم تېز، پاكىز بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنىڭ داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك بۆلەكلىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

ئىسلام ئەنئەنىلىرىدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتە يەنە ئۆزىگە خاس بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ بار. مەسىلەن، لوپنورنىڭ دۆڭقوتان يېزىسىدا مېيىتنى ئاۋۋال سېرىق توپا ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، بەدىنىنى سوۋۇتقاندىن كېيىن ئاندىن يۇيىدىغان ئادەت بار. شۇ يەرلىك ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. ئېھتىمال بۇ ئادەم سېرىق توپىدىن يارالغان، يەنە سېرىق توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ ئۇنىسىز بىر قېتىم نامايىش قىلىنىشى بولسا كېرەك. يەنە بۇ بەلكىم ئۆلگۈچىنىڭ تولۇق ئۆلگەنلىكىنى جەزىملەش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى ئادەتلەرنىڭ بىر خىل قائىدە ـ يوسۇن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بولغان تەسىرىنى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ دېگىلى بولمايدۇ. بۇلار ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىپ كېلىۋېرىدۇ. كىشىلەر كۆڭلىگە مۇئەييەن ئىلاھىي تۇيغۇلار بىلەن تەسەللى تاپىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**


(1) ۋىكو: «يېڭى ئىلىم پەن» خەلق نەشرىياتى 1926 ـ يىل نەشرى 135 ـ بەت.

(2) لېۋي.بروھىل: «ئىپتىدائى تەپەككۇر» سودا نەشرىياتى 1995 ـ يىل بېيجىڭ 300 ـ بەت.

(3) ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە ـ ئۆلۈمگە تۆنىنىشنىڭ ئانالىزى» لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل 33 ـ بەت.

(4) بۇخارى: «سەھھۇل بۇخارى» كاراچى 1961 ـ يىل نەشرى 186 ـ بەت.

(5) يەنگېن جولاڭ (ياپونىيە): «ئالەمنىڭ ئىرادىسى» خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى (گې چيەن، ۋاڭ گۇەنمىڭلار تەرجىمىسى) 1998 ـ يىل 7 ـ ئاي 104 ـ بەت.

(6) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 254 ـ 255 ـ بەتلەر.

(7) راھىلە داۋۇت: « ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 50 ـ بەت.

(8) گوڭ جىجاۋ (ياپونىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيا نىرۋانا سۈرەتلىرىنى سۈرەت ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ـ ھازا ئاچقان كۆرۈنۈشلەر ۋە مۇنا خانىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى» «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» 1987 ـ يىل 3 ـ سان.

(9) لىتۋىنسكى: «پامىر ساكلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىكى دىنىي ئېتىقادلار» (ماسۇكۇن تەرجىمىسى) «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» 1989 ـ يىل 3 ـ سان (خەنزۇچە).

(10) (11) شۆەن شۆەنيۈەن قاتارلىقلار : «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى 500 گۇمانلىق مەسىلە» جۇڭجۈەن قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى 1996 ـ يىل 10 ـ ئاي، 543 ـ، 544 ـ بەتلەر.

(12) مىڭ نەن: «جۇڭگودىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۈزنى تىلىش ئادىتى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى ماقالىلەر توپلىمى» 1994 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(13) «غەرب ئىدېئولوگىيىسى خەزىنىسى» جۇڭگو تېلېۋىزىيە نەشرىياتى بېيجىڭ 1990 ـ يىل، «مىڭ بىر كېچە» دىن ئېلىنغان پارچە.

(14) «غەرب مەدەنىيەت قامۇسى» جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 453 ـ بەت.

(15) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، 406 ـ بەت.

(16) يەنگېن جۇلاڭ: «ئالەمنىڭ ئىرادىسى» 104 ـ بەت.

(17) دوكتور ۋەھبەتۇل زەخىلى: «فىقھۇل ئىسلام ۋە ئەدىللە ھەتۇھۇ» («ئىسلام بىلىملىرى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى») دەمەشق 1989 ـ يىل 545 ـ، 556 ـ بەتلەر.

(18) «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 59 ـ بەت.

(19) «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ بەت، 6 ـ قىسىم.

(20) (21) «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 5 ـ قىسىم.

(23) (22) (24) سەيىپۇررەھمان (ھىندىستان): «رەھىتۇل مەختۇم» لىۋان. بېيرۇت ھىجرىيە 1396 ـ يىلى (مىلادى 1976 ـ يىلى) 453 ـ بەت.

(26) (25) ۋەھبەتۇل زەخىلى: «فىقھۇل ئىسلام» 474 ـ، 519 ـ بەتلەر.


مۇھەررىرى: **يۇسۇپ ئىسھاق**

# ئىنتىزار قىلما مېنى



مارجان دوپپا كىيىپسىز،
چوققىسىنى چوكۈرمەي.
ئايرىلغىچە ئوينايلى،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي.

قوغۇن تېرىدىم باغقا،
چۈشكەن خەمكى باغدا.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
سېغىنىپ يىراق ـ داغدا.

ئېتىم بار دېگەن بىلەن،
ئېگەرى بولمىسا بولماس.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
لەۋزى بولمىسا بولماس.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى تىزدىم ياغلىققا.
سېغىنىپ سالام دەيمەن،
گۈل يارىم چىرايلىققا.

ئاي بولۇپتۇ،يىل بولۇپتۇ،
ئوتىڭىزدا كۆيگىلى.
بىر كېلىپ قوياي دېمەيسىز،
مەن غېرىبنى كۆرگىلى.

مېنىڭ بىرلا مەشۇقۇم بار،
قاپ ـ قارا چاچلىق.
شايىدا كۆڭلەك كىيگەن،
ئون ئالتە ياشلىق.

قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك
قوشما قاشلىق.
بۇلاق سۈيى تامچىغاندەك
كۆزلىرى ياشلىق.

دېرىزەڭدىن ئاتقان تاش،
يۈرىكىمگە پاتقان تاش.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
كۈن ئۆتەرمۇ قەلەمقاش.

يارىم كەتتى ئۇزاققا،
مېنى سالدى دوزاخقا.
يارىم كەلسە ئۇزاقتىن
مېنى ئالار قۇچاققا.

توپلىغۇچى: **تۇرسۇن بەكرى**
(چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن )
مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەتمىن**

# خۇن قىلدىڭ يۇرەكىمنى

ئەنجان كوچا دېمەڭلار،
بۇ كوچىنىڭ يولى تار.
ۋاپادارىم يارىمدىن
ئايرىلماسقا ۋەدەم بار.

ئاسماندىكى كەپتەرنىڭ
قاناتىنى ئاق دەمسەن.
بىرنى سۆيۈپ قوي دېسەم،
تەتۈر قاراپ «ياق» دەمسەن.

قىزىل گۈلگە ئامراقمەن،
ئەتىر گۈلنى ئۈزگۈم يوق.
سەندىن ئايرىلىپ يارىم،
باشقىلارنى سۆيگۈم يوق.

تار يوپكا كىيىۋاپسەن،
ئەسلىڭدىن تاناي دەمسەن.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئارقاڭغا ياناي دەمسەن.

ئالمىلار پىشاي دەپتۇ،
باغنىڭ شورىسى چىتلاق.
مېنى بۇنچە كۆيدۈرگەن،
بوينى ئۆرە شىڭگىلتاق.

باغقا كىردىم سورىماي،
موخۇركامنى ئورىماي.
كەت يېنىمدىن قىلتاقچى،
غوجاكاڭنى دورىماي.

ئاسمىنىمدا ئاي بولساڭ،
يايلىقىڭدا تاي بولاي.
مېنى بۇنچە خار كۆرمە،
پىيالەڭدە چاي بولاي.

كۆل بويىغا چىقىپسەن،
قولۇڭغا چېلەك ئالماي.
خۇن قىلدىڭ يۇرەكىمنى،
ھالىمغا نەزەر سالماي.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
دەريا بويىدا تاللار.
مېنىڭ ئاھۇ زارىمنى
قارا كۆز قاچان ئاڭلار.

پىيالما ئانارنى
جانان چىنىدەك دەيدۇ.
يېنىمدىكى خۇمار كۆز،
كۆيگىنىمنى بىلمەيدۇ.

ئۆسۈپ قاپتۇ بېدىلەر،
كۈندە كېلىپ تەرسەڭچۇ.
ساڭا كۆيگەن يىگىتكە
يۈرىكىڭنى بەرسەڭچۇ.

قۇشقاچلار ۋىچىرلايدۇ،
قاپاق تېرەك شېخىدا.
پاشلارغا يەم بولدۇم،
يارنى كۈتۈپ بېغىدا.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار
قۇياشنى ياپالمايدۇ.
مېنى يامان دېگەنلەر،
ياخشىنى تاپالمايدۇ.

توپلىغۇچى: **نۇرمۇھەممەت خېلىل** (گۇما ناھىيە گۇما بازىرى نىشاندار كەنتىدىن)

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەتمىن**

# قاشنىڭ قارىسى سەندە

يولنىڭ بويىدا سېدە،
سېدە تېگىدە بېدە.
بىۋاپانىڭ دەردىدىن
بولدى يۈرىكىم زېدە.

دۇتارنىڭ پەدىسى پەدە،
راۋاپنىڭ پەدىسى نەدە؟
يىگىتنىڭ ۋەدىسى ۋەدە،
خېنىمنىڭ ۋەدىسى نەدە؟

قاشنىڭ قارىسى سەندە،
كۆزنىڭ قارىسى مەندە.
ئىشقىڭدا تولا كۆيگەچ،
ماغدۇر قالمىدى تەندە.

قاشنىڭ قارىسى سەندە،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە.
يەتكۈزگىن مۇرادىمغا،
بىللە ئۆرلى خەندە.

بېلىڭىزنى باغلايسىز،
ئىزمىڭىزنى ئەتمەيسىز.
بېشىمىزغا كۈن چۈشسە،
ھالىمىزغا يەتمەيسىز.

ئوچاق بېشىدا مورا،
مورا ئىچىدە كورا.
بىۋاپا، بىزەك يارغا
كىممۇ بولىدۇ جورا.

سوسەر تۇماق بېشىڭدا،
يارىڭ يوقمۇ قېشىڭدا.
نەۋاققىچە يۈرەرسەن،
تۈگمەن چۆرۈپ بېشىمدا؟

خۇدا سالدى مېنى،
جەبىر – جاپاغا.
بىكار يىغلاپتىمەن،
سەن بىۋاپاغا.

ساڭا يىغلىغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.
خۇدادىن رەھمە بار،
مەندەك گاداغا.

خۇدا دەپ يىغلىسام،
ئوڭشار بېشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكسەم يېشىمنى.

ئالا ئاتىنىڭ تاقىلىقىدىن،
قولا ئاتىنىڭ تاقىلىقىدىن.
گالدىن غىزا ئۆتمەيدۇ،
نادان يارىنىڭ خاپىلىقىدىن.

ئالا ئاتىنىڭ تاقىلىقىمۇ،
تال بوستاننىڭ ياقىلىقىمۇ.
بۇ كۇنلەرگە قالمىقىم،
بىر سۆيگەننىڭ خاپىلىقىمۇ؟

ئاسماندىكى ئايىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.
قىلغۇلۇقنى سەن قىلدىڭ،
يىغلىساڭمۇ كارىم يوق.

ھەي خېنىم، ئۆگزەڭ ئېگىز،
چىققىلى شوت كەتكۇدەك.
نەچچە ۋاخ كۆيگەنلىرىم،
بىر بىكار مۇت كەتكۇدەك.

توك چىراغ يانمايدىكەن،
بىر تالغىنە سىم بىلەن.
مەن سىزنى دەپ ئاۋارە،
سىز يۈرۈيسىز كىم بىلەن.

كەچكۈز كېتىپ قىش كەلدى،
كۆلچەكتە مۇز قاتقاندۇ؟
مەن ياتقان قوچاقىڭدا
ئەمدى كىملەر ياتقاندۇ؟

تونۇرغا ئوت قالايسەن،
ياققان ناننى چارلايسەن.
بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ،
نېمە ئۈنچە جارلايسەن؟

كان ①ئوچاقنىڭ ئىچىگە،
ھۆل شاخ سالسام كۆيمەسمۇ؟
گەپنى باشتا قىلغان يار،
ئەمدىلىكتە سۆيمەسمۇ؟

ئالتۇن رەڭلىك قولۇپۇم بار،
ئاچقۇچ سېلىپ ئاچامسىز؟
باشتا تاغدەك پو ئېتىپ،
ئەمدى مەندىن قاچامسىز؟

چۆلدىكى قومۇشلۇقتا،
توشقانلارنىڭ ئىزى بار.
يىگى يار ھارامزادە،
قاپىقىنىڭ بېزى بار.

ئىشىك ئالدى چىمەنلىك،
مال باغلىساڭ بولمايدۇ.
مېنى كونا يارىڭدەك
بوش چاغلىساڭ بولمايدۇ.

يارىم كېلىدۇ ئەينا،
بېلىدە چىگە شوينا.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
تەڭداشىنى تېپىپ ئوينا.

«ئاقچى» قوغۇن ئويۇقلۇق،
قىزىل ئالما سويۇقلۇق.
گېپىڭ يوغان نېمانچە،
مەنمۇ سەندىن تويۇقلۇق!

مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم،
ئۆتكەن ھەپتە جۈمەدە.
سەن ئۆزۈڭنى داڭلايسەن،
قاشلىق ئېتىپ كۆمەدە.

قىزىلگۈلنى كىم كەستى،
كەسكەن بىلەن قايرىلماس.
يار ئالدىنى كىم توستى،
توسقان بىلەن ئايرىلماس.

گۈلدە بولمىسا قەستى،
گۈل شېخىنى كىم كەستى.
يارىمنىڭ يوغان گېپى
قورساقنى ئەجەپ ئەستى.

يارىم ھاراق ئىچكۇدەك،
لەيلەپ سۇنى كېچىكلىك.
ئەقلى بولسا ئىچەمتى،
ئاغرىنمايمەن، كېچىكلىك.

شۇنچە قىلسام يېقىنلىق،
كۆلۈشۈڭ يوق يېقىملىق.
يارىم ھالىڭ چاغلىقكەن،
چاغلاپ يۈرسەم ئەقىللىق.

بەلگە چىگىپ پوتىنى،
مىنىپ كەپسەن ②تۈتىنى
سەن چىقارغان ئۆگزىگە،
تارتما ئەمدى شوتىنى.

ئۇۋغا چىقلى يارىم،
لاچىن قۇشىڭىز بولسا.
جىگدە سالماڭ بوكومگە،
ئەقلى – ھوشىڭىز بولسا.

① ئۈستىگە قازان ئاسقىلى، ئىچىگە نان ياققىلى بولىدىغان ئوچاق

② تاغ ئېتى

دەردلەشكىلى بولمىدى،
گەپلەشكىلى بولمىدى.
ئالا كۆڭۈل يار بىلەن
ئەپلەشكىلى بولمىدى.

سىنچاي تۇتسام، ياق! دەيسىز،
قەنچاي تۇتسام ياق! دەيسىز.
بار گۇناھنى سىز قىلىپ،
«سەن قارا، مەن ئاق» دەيسىز؟

ئاپئاق ئۆپكىدەك يارىم،
يۇمشاق كۆرپىدەك يارىم.
بەزى خۇيلۇرۇڭ باردۇر،
قورساق كۆپكىدەك يارىم.

توڭغازلىقتا تاش تولا،
تاش ئىزدىگەن ياش تولا.
خۇي ـ پەيلىڭنى دېمىسەم،
سەندەك قەلەمقاش تولا.

ئىسىل قاشتاش تاپقان يار،
تاش ساتقىلى چاپقان يار.
ئالتە توك-توك پۇل تېپىپ،
بىزنى تاشلاپ قاچقان يار.

قاشتېشى تولا گۇمدا
رەگ ئالتۇن تولا قۇمدا.
قاشتېشىدەك يارىڭنى
ئۇنتۇدۇڭ شۇ تۇرقۇڭدا.

توڭغازلاقتىن تاش ئىزدەپ،
ئالتە كۇندە تۇگەشمەڭ.
ۋاپالىق يار مېھرىنى
قاشتېشىغا تېگەشمەڭ.

مەشرىپىمگە كەل يارىم،
كۆڭلۈڭنى ئاچار بولساڭ.
قوغلايدىغان پۇتۇم يوق،
توشقاندەك قاچار بولساڭ.

دۇتارنى چالاي يارىم،
كۆڭلۈڭنى ئالاي يارىم.
كۆزگە ئىلمىساڭ مەيلىڭ،
سەندەكلەر تالاي يارىم.

قازان ئاستىم ئاچىغا،
ئاشنى ئۇستۇم قاچىغا.
كۆيگەندىمەن نېمىشقا،
قەدىر بىلمەس گاچىغا؟

سەنمۇ باردىڭ تاۋاپقا،
مەنمۇق باردىم تاۋاپقا.
ئالدانمايدۇ قىز بالا
بەشمۇچەنلىك كاۋاپقا.

سەنمۇ باردىڭ تاۋاپقا،
مەنمۇ باردىم تاۋاپقا.
نېچۈن بەردىم كۆڭلۈمنى
ۋاپاسى يوق ئاۋاپقا

سەن بارامسەن تاۋاپقا،
مەن بارامدىم تاۋاپقا.
ياردىن دىلىم رەنجىدى،
تەييار تۇرسۇن جاۋابقا.

مەيدەڭدىكى ئالمىمۇ؟
چىم قومارغان چالمىمۇ؟
ئارىمىزنى بۇزغىنى
كۆڭلى قارا لالمىمۇ.

ھوي سارىۋاي، سارىۋاي،
ئۆتۈپ كەتتىڭ قارىماي.
ئەر چاغلىسام ئۆزۈمنى،
نەرىم قالدى يارىماي.

كۆپە تەلپەك ـ تەلپەكمۇ؟
سالۋا تەلپەك ـ تەلپەكمۇ؟
قىلغان ۋەدەڭ يالغانكەن،
سەن يۈزلىمە چەلپەكمۇ.

روزا تۇتقان ئوخشايدۇ،
بېسۋاپتۇ ئۆگىدەك.
بىرنى سۆيۈڭ دېگەنگە،
بوشراق سەكرەڭ بۆرگىدەك.

يار ئىشارەت قىلىدۇ،
قېشى بىلەن كۆزىدە.
بۇ زاماننىڭ قىزلىرى
تۇرالمايدۇ سۆزىدە.

باغنىڭ قېشىدا توشقان
بىر ـ بىرىنى قوغلايدۇ.
يار گېپىدە تۇرمايدۇ،
بىزنى نېمە چاغلايدۇ.

ئىشىك ئالدى چېغىر يول،
يولنىڭ ئايىغى سازلىق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
يارىم بار لېۋەن، نازلىق.

لاگرۇ دېگەن ئوبدان يۈرت،
ئىككى چېقىل ئارىسى.
ئوماق يارىم سارىخان
يۈرىكىمنىڭ پارىسى.

قاشنىڭ قارىسى سەندە،
كۆزنىڭ قارىسى مەندە.
لەۋزىڭدە تۇرار بولساڭ،
چاي دەملەپ بېرەي قەندە.

ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە،
لىغىلدايدۇ قوش ئەمچەك.
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالدى
ئۇلاشما قاش كۈلگۈنچەك.

گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن
جىنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرۈۋالغان،
چۇمۇلە بەل سېكىلەك

چۈمۈلە بەل سېكىلەكنىڭ.
كۆزى چولپان، ئاق بىلەك.
ئاق بىلەككە ئاشىق بولغاچ،
كۆيىدۇ بىزنىڭ يۈرەك.

بۇ يۈرەكنى سەگىتەي دەپ،
سۇنى ئىچتىم ئون چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمەسكەن،
يار ئوتى، ۋاي، بۇ كۆيەك...

كۆيەك ئوتىنى تارتا ـ تارتا،
جان ـ مادارىم قالمىدى.

يا كۆڭۈل بەرمەيدۇ يارىم،
يا بۇ جاننى ئالمىدى.

ئاقسارايغا ۋاسا تىزدىم،
بەزىدە جۈپ، بەزى تاق.
ئاقسارايدىن چىقتى يارىم،
مەڭزى گۈلدەك، يۈزى ئاق.

مەڭزى گۈلدەك، يۈزى ئاققا
ئاشىنالىق ئەيلىدىم.
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك
ئەگىپ، ئەگىپ لەيلىدىم.

ئاقسارايدىن چىقتى يارىم
شاتىۋا تونىنى كىيىپ.
ئارقىسىدىن بىللە كەلدىم،
قىپقىزىل گۈلنى ئېلىپ.

ئەقلى بولسا گۈل پۈرايدۇ،
ئەقلى يوققا نەدە گۈل.
بىۋاپاغا كىم قارايدۇ،
مەن ئۆزۈم ئۆز سەبدە گۈل.

ئاقسارايىنىڭ قىزلىرى
چولپانمىكىن، ھۆرمىكىن.
قولىدا جۈپ بىلەزۈك،
ئاتىسى زەرگەرمىكىن؟

يىڭىرىق سۇ ئامبىرى،
ماكان بوپتۇ ئۆردەككە.
سۆيدۈم، ئوت بولۇپ كۆيدۈم،
ئاق، يۇملاق ــ بودەككە.

يارىم، ئۈزۈن چاچلىرىڭ
چاچۋاغدا ئۆرۈلگەنمۇ؟
پىراقىڭ يامان شۇنچە،
شەيتاندىن تۆرەلگەنمۇ؟

تەلپەكسازغا تىكتۈردۈم
بېشىمدىكى تۇماقنى.
قانچە سۆيسەم قانمايمەن،
سەن خۇما كۆز ئوماقنى.

يارىم كەتتى چالۋاشقا،
زىلچىغا يىپ ئالماشقا.
يارنىڭ يۈزى ئوخشايدۇ،
ياقۇت رەڭلىك قاشتاشقا.

ئۈششۈك تېگىپ كەتمەستە
قېزىۋالدىم سەۋزىنى.
ئالتۇنغا تېگەشمەيمەن
يارنىڭ شېرىن لەۋزىنى.

قاشتېشى ئېقىپ كەلدى
تاغنىڭ تۆرىدىن سەلدە.
مەن كۆيگەن لېۋەن يارنىڭ
سۇمبۇل چاچلىرى بەلدە.
قاراڭغۇ تاغ ــ ئېگىز تاغ،
توپىسىدىن تېشى جىق.
مېنىڭ سۆيگەن يارىمغا
ئوسما كەتمەس، قېشى جىق.

شىر چۇرۇق تىكىپ كيىدىم،
تايلاقنىڭ تاپىنىدا.
توڭۇپ قالسام يۆگەرمۇ،
يار چەكمەن چاپىنىدا؟

ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلدى،
ئازما ئاتلاپ شارقىراپ.
بىزنىڭ يارلا ساي كەلدى،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.

ئوك قولۇڭدا مۇز بارمۇ،
سول قولۇڭدا تۇز بارمۇ؟

ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە،
سىز خېنىمدەك ئۈز بارمۇ؟

قۇرغۇيمۇ ئۇچالايدۇ،
لاچىنمۇ ئۇچالايدۇ.
يىگىبارچە تۇتقان يار،
بىر تاتلىق قۇچاقلايدۇ.

پاششايىم يولى دەيدۇ،
يوللىرىدا قورام تاش.
نېمە بولدى كۆرۈنمەيدۇ،
زىلۋا بويلۇق، قەلەمقاش.

جىگدىلەر چېچەكلەپتۇ،
دىماغلارنى يارغۇدەك.
يارىم بىلەن ئۇچراشسام،
سۆيۈشەرمىز قانغۇدەك.

تاشنى بويلاپ ماڭساڭچۇ،
بېدىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى دېسەڭچۇ،
مېنى ئەخمەق ــ گول قىلماي؟

ئۇ يانمۇ ئېقىن يارىم،
بۇ يانمۇ ئېقىن يارىم.
ئۆيىمىز يىراق، ئەمما،
كۆڭلىمىز يېقىن يارىم.

مەن بازارغا بارمايمەن،
يانچۇقۇمدا پۇلۇم يوق.
مېنى يوقلاپ كەلمىسە،
يار تەرەپكە يولۇم يوق.

ئۇچامدىكى چاپاننىڭ
يانچۇقلىرى قايرىما.
بەندەم دېسەڭ يارىمنى،
مەندىن پەقەت ئايرىما!

ئېرىقنىڭ بېشى كەگدۈر،
يارىم مەن بىلەن تەگدۈر.
يار قېشىگدا تۇرغاندا،
جاھاندا نېمە كەمدۇر؟

كىگىز ئەتتىم - چىغلىدىم،
يەرنى قىغدا قىغلىدىم.
يارىم سېنى سېغىنىپ
قار - بوراندەك يىغلىدىم.

ياغاچتا راۋاپ ئەتتىم،
پاقلاندا كاۋاب ئەتتىم.
يارىم، باسقان ئىزىڭنى،
كۈندە مىڭ تاۋاپ ئەتتىم.

ئاتلىمىغىن - ئاتلىما،
تام ئۈستىدىن ئاتلىما.
كېلىشىگدە چاي تۇتاي،
يېنىشىگدا قاتلىما.

دۆگمۇ دۆڭ قۇملار ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا مەن راۋاپ.
مەن بۇ چۆلدە، سەن قەيەردە،
ئامرىقىم بەرگىن جاۋاب.

دۆگمۇ دۆڭ قۇمنى ساناپ،
گۈلخان يېقىپ چالدىم راۋاپ.
يار ئىشقىدا باغرىم كاۋاپ،
بىر سۆيدۈرۈپ تاپسۇن ساۋاب.

يارىشىپتۇ خۇمار كۆز،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كېلىمەن
دىۋانىدەك كوچاڭغا؟

ھۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسام،
ئوت كۆيمىدى كۈشۈلداپ.
نە ۋاقىتچە يۈرەرمىز،
ماي تارتىشىپ، پۇشۇلداپ.

شاخلاپتۇ يا - شاخلاپتۇ،
قاپاق تېرەك شاخلاپتۇ.
يارىم تۇخۇم پىشۇرۇپ،
ياغلىقىدا ساقلاپتۇ.

گۈلباغنىڭ ئوتتۇرىسىدا،
قوش قەۋەت كاتتا ساراي.
شۇ سارايىنىڭ ئالدىغا
سەنمۇ كەل، مەنمۇ باراي.

ئالتۇن ئوتۇغاتىڭنى
قادىۋالغىن بېشىڭغا.
ئۇچار قانىتىم بولسا،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

ھاۋادا ئۇچاي ئېگىز،
بۇلۇتقا سالاي كىگىز.
سىزدىن باشقىنى سۆيسەم،
يۈرەككە تىقىڭ بىگىز.

باغدىكى بولجا تېرەكتەك
بويلىرىڭنىڭ نۇزلىكى.
تويلىشارمىز جان خۇمار كۆز،
مۇشۇ يىلنىڭ كۈزلىكى.

قوغۇنلۇقنىڭ ئالىسىغا
تېرىۋاپسەن تاشكاۋا.
شەرەت قىلسام ئۇقمايسەن،
قىچقىرايمۇ ئاشكارا.

ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە،
بىگىز تىقار كۆزىگە
كۆككە قاراپ تۈكۈرسە،
يېنىپ چۈشەر يۈزىگە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **تۇرسۇنتۇختى، ھېكىمخان**
توپلىغۇچى: **روزى سايىت** (خوتەن مەدەنىيەت باشقارمىسى)
مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# تەبىرنامە*

ئەسلى ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبن شىرىن
تەرجىمە ئاپتورى: مۇھەممەد رازى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت

## يەتتىنچى باب
### تاغلارنى، ئېگىز تۆپىلىكلەرنى، تۇپراقنىڭ رەڭگىنى، چۆل ـ باياۋانلارنى، قىممەتلىك تاشلارنى، خام خىش، پىششىق خىش ۋە تام قاتارلىقلارنى چۈشىدە كۆرمەكنىڭ بايانى

ھەر كىم تاغلارنى چۈشىدە كۆرسە، بەش خىل ۋەج باردۇر: مەملىكەت روناق تېپىپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن زەپەر قۇچار، بارلىق مۇرادى ھاسىل بولۇر. ئەگەر ھەر كىم ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ چۈش كۆرسە، قانداق ئارزۇسى بولسا ھاسىل بولۇر، ئۇلۇغ بولۇر، كۆپ مال دۇنياغا ئىگە بولۇر. ئەگەر تاغلاردا يۈرۈپ چۈش كۆرسە ئۇلۇغ بولۇر، ئىشلىرى ئىلگىر كېلەر، ناۋادا تاغدىن چۈشۈپ چۈش كۆرسە، ياكى تاغدىن يۇملاپ چۈش كۆرسە، قىلىدىغان ئىشى مەنئى بولۇر. تۆپىلىكتە ئۆسىدىغان قىزىل، چىرايلىق گۈللەيدىغان دەرەخلەرنى چۈشىدە كۆرسە، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر. مەنپەئەت كۆرەر، بەخت ـ سائادەتلىك بولۇر ۋە ئۇلۇغ بولۇر. ئەگەر كىشى چۆل ـ باياۋاندىن ياقىغا چىقىپ چۈش كۆرسە، غەم غۇسسىدىن ۋە مىننەتتىن خالاس بولۇر، نېمەت ۋە سائادەت تاپار، ئەگەر قەرزدار بولسا، قەرزىدىن خالاس بولۇر. ئەگەر چۈشىدە قۇملۇقنى كۆرسە، مال ـ دۇنيا تاپار، مەنپەئەت كۆرەر، لېكىن بۇ خىل مەنپەئەت جاپا ـ مۇشەققەت ئارقىلىق ھاسىل بولۇر. ئەگەر قۇملۇقتا يۈرۈپ چۈش كۆرسە، كۆلپەت ۋە قاتتىقلىق كۆرەر. ھەر كىم چۈشىدە ئۈششاق تاشنى كۆرسە، پادىشاھلاردىن ۋە ياكى ئۇلۇغلاردىن قولىغا مال ـ دۇنيا كىرەر. ئاياللار بولسا، ھەر خىل ئەندىشە ئىچىدە قالۇر.

ھەر كىم چۈشىدە تامنى كۆرسە، تام قانچىكى ئېگىز بولسا، شۇنچە كۆپ پايدا كۆرەر. ئەگەر يېڭىدىن تام سوقۇپ، ئۆي ـ ئىمارەت قىلىپ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغ بولۇر، ئەگەر تامنى قانچە ياخشى ئېتىپ، ئۆينى شۇنچە ياخشى سېلىپ چۈش كۆرسە، خەلق ئارىسىدا ئىشى شۇنچە ئوبدان بولۇر ۋە ئۆزى ھۆرمەت تاپار. ئەگەر ئۆينى يېڭى ھەم ئازادە سالسا ئىشلىرى شۇنچە ئوبدان بولۇر. مال ـ دۇنيا، ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇر. ئەگەر ئۆزىنى ئۆيدە كۆرسە، ھەممە ئۆي تۆمۈردىن بولسا، ئىشلىرى ياخشى بولۇر، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇر. ئەگەر بىر تامدىن يەنە بىر تامغا بېرىپ، ئىشتىن تارقاپ، يەنە بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ چۈش كۆرسە، ئەگەر چۈشىدە ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى ياغاچلىرى، ياكى تېمى ۋەيران بولۇپ چۈش كۆرسە، مۇسىبەت يېتەر. ۋەللاھۇئەلەم.

## سەككىزىنچى باب
### شەھەر، قەلئە، مەسچىت، مۇنبەر، مۇنار، چوڭ يوللارنى كۆرمەكنىڭ بايانى

ھەر كىم چۈشىدە شەھەرنى كۆرسە، دىنى راست ۋە ھەق بولۇر، ياخشى مەنپەئەت تاپار. شەھەرىستاننى چۈشىدە كۆرسە، شاد ـ خۇراملىق ۋە ياخشىلىق كۆرەر، دىنى پاك بولۇر، خەير ـ بەرىكەت تاپار، مال ـ مۈلۈك ۋە نېمەتكە ئېرىشەر. ئەگەر كىشى شەھەردە يۈرۈپ چۈش كۆرسە، كۈچلۈك دىن ئەھلىدىن بولۇر، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلۇر. ئەگەر شەھەردىن سىرتقا چىقىپ چۈش كۆرسە، ھارام نەرسىدىن قولىنى تارتار، ئىشلىرىدا ئوڭۇشلۇقلار بولۇر.

ھەر كىم چۈشىدە چوڭ يوللارنى كۆرسە، ئىسلام دىنىدىكى مەملىكەتلەر كۈچلۈك بولۇر، ئەگەر بۇ يوللاردا يۈرۈپ چۈش كۆرسە، شۇ شەھەردىكى ئۇلۇغلار بىلەن بىرگە جەننەتتە بولۇر، دۆلەتمەن بولۇر ياكى ئاساندىن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، شەھەر ـ قەلئەگە ھۆكۈمران بولۇر.

ئەگەر ھەر كىم قەلئەدە ياكى شەھەردە ياكى يېزا ـ كەنتلەردە ئىمارەت سېلىپ چۈش كۆرسە، مۇرادى ھاسىل بولۇر، دۈشمەنلىرى پالاكەتكە دۇچار بولۇر، ئۇلۇغلار بىلەن بىرگە جەننەتتە بولۇر، ياخشىلىق كۆرەر. ئەگەر ئىمارەتنى ۋەيران قىلىپ چۈش كۆرسە، زىيان تارتار. ھەر كىم مەسچىت ۋە جامەنى چۈشىدە كۆرسە، ئۇلۇغ بولۇر ياكى قازى بولۇر، ئەگەر مەسچىت، جامەگە كىرىپ چۈش كۆرسە، خەير ـ بەرىكەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق نېسىپ بولۇر، شۇ شەھەرنىڭ خەلقىگىمۇ خەير،

* بېشى ئالدىنقى سانلاردا

بەرىكەت نېسىپ بولۇر، چوڭ سودىگەرلەر بىلەن ھەم دوستانە، ئىناق ئۆتەر. ئەگەر چۈشىدە مەسچىتنى ئوبدان كۆرسە، ياكى ئىمارەت سالسا، شۇ شەھەر خەلقىنىڭ، ئۇلۇغلىرىنىڭ ئىشى ياخشى بولۇر. ئەگەر چۈشىدە ۋەيرانە مەسچىتنى كۆرسە، بۇ شەھەرنىڭ ئۇلۇغ ـ كاتتىلىرىغا غەم ياكى مۇسىبەت يېتەر. ئەگەر مەسچىتتە ناماز ئۆتەپ چۈش كۆرسە، بىر ئىش قىلۇر، ھەممە خەلق دىققەت قىلۇر، ھەممە ئىشلىرى ئوڭدىن كېلۇر ھەم مۇرادى ھاسىل بولۇر. ئەگەر يەنە بىر كىشى ناماز ئۆتەپ چۈش كۆرسە، خەير ۋە بەرىكەت ناماز ئۆتىگۈچىگە نېسىپ بولۇر. ئەگەر مەسچىت سېلىپ چۈش كۆرسە، خەير ـ بەرىكەت ھاسىل بولۇر، ھەقتائاللا شۇ كىشىگە جەننەتتىن ئىمارەت بىنا قىلۇر. نازۇ نېمەتلىرى كەڭ ـ كۈشادە بولۇر، ئىككىلا دۇنيادا ئەزىز بولۇر.

ھەر كىم چۈشىدە مۇنبەر، مۇنارنى كۆرسە، قازى ۋە ئۇلۇغلار بىلەن دوستانە ئۆتەر. چۈشىدە مۇنبەرگە ياكى مۇنارغا چىقسا ئۇلۇغ بولۇر، ئىشلىرى ئوڭدىن كېلۇر، قازى، مۇپتى، ياكى خەتىپ، مەزىنگە ئوخشاش خەلقى ئالەم ئارىسىدا مەشھۇر ۋە ئەزىز بولۇر. ئەگەر مۇنبەر، مۇنارنىڭ يېرىمى ۋەيران بولۇپ چۈش كۆرسە، ۋەيرانىنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك بولسا، ئۇلۇغلارنىڭ ئىشلىرى شۇنچىلىك ئىلگىر ـ كەلمەس، ۋەللاھۇئەلەم.

## توققۇزىنچى باب

### ساراي، ئىمارەت، گەمە، سۇ چىقىرىدىغان چاق، بوستان، تۈگمەن، يارغۇنچاق، ھاممام، دۇكان، تونۇر قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرمەكنىڭ بايانى

ھەر كىم چۈشىدە سارايىنى كۆرسە، سەككىز ۋەج بار دەپ تەبىر ئېيتۇرلەر، يەنى مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، تىنچ ـ ئامان بولۇر، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۇرەر، ۋىلايەت ھامىيسى بولۇر، ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالۇر، ئىشلىرى كۆڭۈللۈك كەڭ ـ كۈشادە بولۇر، ئەرلەرگە راھەت، ئاياللارغا بەرىكەت بولۇر. ئەگەر ئەر كىشى كەڭ، ئازادە سارايىنى چۈشىدە كۆرسە، ئۇلۇغلاردىن بولۇر، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇر. ئەگەر غېرىب يوقسۇلىقىدەك چۈش كۆرسە، خوتۇن ئالۇر، ناۋادا پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى بولسا، ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرەر، غەمسىز بولۇر ۋە مۈلۈكدار بولۇر.

ھەر كىم سەرراپ (مۇنچا) نى چۈشىدە كۆرسە، ھۆكۈمالار سەككىز ۋەج بار دەپ تەبىر ئېيتۇرلار: ئەر بولسا خوتۇن ئالۇر، ئايال بولسا ئەرگە تېگەر، غەمكىن بولۇر، ئەمما دوست تاپار، چوڭ ھىممەت كۆرەر. ئەگەر چۈشىدە سەرراپقا كىرسە غەمگە قالۇر، سوغۇق سۇدا غۇسۇل قىلىپ چۈش كۆرسە، قەرزىدىن خالاس بولۇر. ئەگەر شەھەردىكى ياكى مەھەللىدىكى سەرراپنى چۈشىگەن بولسا، ئەمما ئۇ يەرلەردە سەرراپ بولمىغان بولسا، شۇ يەردە ئايال پەيدا بولۇر، ئەگەر سەرراپ قانچە ئىسسىق بولسا، شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت كۆرەر. ئەگەر سەرراپتا سوغۇق سۇنى كۆرسە زىيان تارتماس. ئەگەر سەرراپتىن تاشقىرى چىقىپ چۈش كۆرسە، ھەممە غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇر.

ھەر كىم چۈشىدە بوستاننى كۆرسە، سەككىز ۋەج بار دەپ تەبىر ئېيتۇرلار: ئەگەر ئايال كىشى بوستاننى چۈشىدە كۆرسە، كېنىزەككە ئىگە بولۇر، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرەر. ئەگەر بوستاندا تۇرۇپ ياكى بوستانغا كىرىپ چۈش كۆرسە، خۇشچىراي خوتۇن ئالۇر، كۆپ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، شېرىن تۇرمۇش كەچۈرەر، رىزقى كەڭ بولۇر، ياكى ئوغۇل پەرزەنت ۋۇجۇتقا كېلۇر، ئەگەر بوستاندا مېۋە ـ چىۋە يەپ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغ بولۇر. ھەر كىم چۈشىدە ئايۋاننى كۆرسە، ئۇلۇغ بولۇپ دۆلەتمەن بولۇر. مەرتىۋىسى زىيادە بولۇپ ھەر قانداق يەردە باش كۆتۈرەر. ئەگەر ئايۋانغا كىرىپ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغ بولۇر، مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇر، مۇراد ـ مەقسەتلىرى ھاسىل بولۇر، چۈشىدە ئۆگزىنى كۆرسە، ئۆگزە قانچىكى ئېگىز بولسا، مەرتىۋىسى شۇنچە يۇقىرى بولۇر. ئەگەر كېمىنى چۈشىدە كۆرسە، شەھەرنىڭ بىر ئۇلۇغى بولۇر، ئەگەر كېمىدە ئولتۇرسا ياكى سۇ ئېلىپ چۈش كۆرسە، ياشلاردىن قولىغا مال ـ دۇنيا كىرەر، بۇ ئوبداندۇر. ئەگەر ھەر كىم شوتا ياكى پەلەمپەينى چۈشىدە كۆرسە، دوست ـ يارەنلىرىگە مۇۋاپىق بولۇر، ئەگەر شوتا ياكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ چۈش كۆرسە، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇر ھەمدە ئەزىز بولۇر.

ھەر كىم چۈشىدە دوكاننى كۆرسە، دۆلەتمەن بولۇر، مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇر، دۇكاندا ئولتۇرۇپ ياكى ئىش قىلىپ چۈش كۆرسە، نازۇ نېمەتلىرى زىيادە بولۇر، ياخشى نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇر.

ھەر كىم تۈگمەننى چۈشىدە كۆرسە، تولىمۇ ئۇلۇغ بولۇر، خەلق ئامىسىغا مەنپەئەت يەتكۈزەر. ئەگەر تۈگمەنگە سۇ كىرىپ كېتىپ چۈش كۆرسە، خەلق تەڭلىككە قالۇر. ھەر كىم يارغۇنچاقنى چۈشىدە كۆرسە، بۇنىڭ تەبىرى تۈگمەننىڭكىگە ئوخشاشتۇر. چۈشىدە مەيىنى كۆرسە ساراي ئالۇر، بەخت ـ سائادەت ئىشىكى ئېچىلۇر. گۈلشەن، تۆت بۇرجەكلىك چېدىر، ئۆي قاتارلىقلارنى چۈشىدە كۆرسە، ئۆيىگە خوتۇن كىشى كىرەر. ئەگەر يۇقىرىقى نەرسىلەرنى سۇنۇپ، ياكى بولمىسا بۇزۇلۇپ چۈش كۆرسە، خىيانەت سادىر قىلۇر. مەھەللە ياكى ئاۋات شەھەرلەرنى چۈشىدە كۆرسە، ياخشىلىق بېشارىتى بولۇر، ھەر كىم قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان چاقنى

چۈشىدە كۆرسە، مال ـ دۇنيالىق بولۇر. سۇ تارتىدىغان چاقنىكى سۇنى ئىچىپ ياكى بولمىسا سۇ تارتىپ چۈش كۆرسە، خەزىنىچى بولۇر، كۆپ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇر، ئەگەر سۇ تارتىدىغان چاق سۇنۇپ كېتىپ چۈش كۆرسە، خەزىنىچى يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشار.

ھەر كىم ئوچاقنى چۈشىدە كۆرسە، خىزمەتچى ـ غۇلاملارغا ئىگە بولۇر. ياكى بولمىسا چۈشىدە تونۇرنى كۆرسە، سارايىنىڭ ئىگىسى بولۇر. ئەگەر تونۇر بۇزۇلۇپ چۈش كۆرسە، ساراي ئىگىسىگە ئەجەل يەتكەندۇر. ئەگەر تونۇر قىزىپ چۈش كۆرسە، ئەھۋالى ئوبدان بولۇر، قول ـ ئىلكىگە مال ـ دۇنيا كىرەر. ئەگەر تونۇردا نان پىشۇرۇپ چۈش كۆرسە، رىسقى كەڭ ـ كۇشادە بولۇر، ناۋادا قۇرۇق تونۇرنى چۈشىدە كۆرسە، يامان خوتۇنلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىگە قالۇر. ۋەللاھۇئەلەم.

## ئونىنچى باب

### ئىپار، زەغفەران[1]، ھەر خىل گۈللەر، كافۇر، [2]ئەنبەر، سەندەل[3]، ئەتىر قاتارلىقلارنى كۆرمەكنىڭ بايانى

شۇنى بىلمەك كېرەككى، ھەر نەرسىنىڭ بۇيى ئوبدان بولسا ۋە ياكى كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولسا تەبىر ئېيتقۇچىلارمۇ ياخشى ئېيتىپتۇر ۋە ھالالدىن پال ئېچىپتۇ ۋە شادلىق كۆرۈپتۇرلەر. ھەر كىم چۈشىدە ئەتىرنى كۆرسە، ھۆكۈمالار ئون تۈرلۈك ۋەج بار دەپ تەبىر ئېيتىپتۇرلەر. شاد ـ خۇراملىق، ياخشى نام، ياخشى سۆز، ياخشى نەپ، خۇش تەبىئەت، ياخشى ئىش، خۇش مەئىزىنلىك ۋە پاك دىن بولۇر. ئەگەر ھەر كىم ئىپار، ئەنبەرنى چۈشىدە كۆرسە، ئەر خوتۇنغا، خوتۇن ئەرگە قارۇشۇر، ئالىملار بىلەن دوست بولۇر، قول ئىلكىگە كۆپ مال ـ دۇنيا كىرەر. كىشىدىن ياخشى سۆز ئاڭلار، كېنىزەك ۋە چىرايلىق ئاياللارنى ئالۇر. ھەر كىم چۈشىدە ئەتىرنى كۆرسە، ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ياخشى سۆزنى ئاڭلار. ئەگەر ئەتىرنى بىر نەرسىگە تۆكۈپ بىر يەردە قويۇپ چۈش كۆرسە، ھالالدىن مال ـ دۇنيا تاپار. چۈشىدە تاتلىق ياغنى كۆرسە، ئەگەر ياغنى بەدىنىگە سۈركىسە ياكى بېشىغا سۈرتسە، بىر كىشى ئۇنى ياخشىلىق بىلەن ياد قىلۇر، ياخشىلىق كۆرەر. خۇش تەبىئەتلىك بولۇر، ياخشى كۈن كەچۈرەر. ئەگەر ئاچچىق ياغنى چۈشىدە كۆرسە، يامان خوتۇنغا ئۇچراپ قالۇر ۋە كۆڭلى پەرىشان بولىدىغان سۆزلەرنى ئىشتەر، يامان خوتۇنلاردىن خەۋپ يېتەر، دىشۋارچىلىققا قالۇر. ئەگەر تائام بىلەن ئارىلاشقان ياغ بولسا، چۈش كۆرگۈچى خۇشال بولۇر، پەرىگە ئېرىشەر.

ھەر كىم كافۇرنى چۈشىدە كۆرسە، ياخشىلىق كۆرەر. ئەگەر ئەتىرنى چۈشىدە كۆرسە ياكى ئۇنى يادلاپ، تەلەپ قىلىپ چۈش كۆرسە پايدا ـ مەنپەئەت كۆرەر. ئەگەر ئەتىر سۇنۇپ چۈش كۆرسە، غەم ۋە مۇسىبەتكە قالۇر.

ھەر كىم گۈللەرنى يۇلۇپ چۈش كۆرسە ياكى ئۈزۈپ چۈش كۆرسە، ئەگەر ئېچىلغان ۋاقتىدا بولسا پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشەر، ياخشى كۈن كەچۈرەر، خوتۇنىدىن ياخشىلىق كۆرەر. ئەگەر گۈل ئېچىلىدىغان پەسلىدە بولمىسا، ئازابقا دۇچار بولۇر. ئەگەر ھەر كىم قىزىل گۈلنى چۈشىدە كۆرسە، ھەر بىر كېچىسى غايىبتىن غول مال قولىغا كىرەر. ئەگەر ھەر كىم كىشىنىڭ بېشىغا بىر نەرسە چېچىپ چۈش كۆرسە (يەنى بادام، پىستە، قۇرۇق ئۈزۈم، شېكەر قاتارلىقلارنى) خەلقئالەم ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە جېدەل ـ ماجرا پەيدا بولۇر. ۋەللاھۇئەلەم.

## ئون بىرىنچى باب

### قېرى ۋە ياش يىگىتلەرنى، كىچىك باللارنى، قېرى ئايال ۋە جۇۋانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنى كۆرمەكنىڭ بايانى

ھەر كىم قېرى كىشىنى چۈشىدە كۆرسە، بەخت ـ سائادەتمەن بولۇر. ئەگەر ياش كىشىنى چۈشىدە كۆرسە، ھىيلە ـ مىكىر ۋە ساختىپەزلىكتىن دېرەك بېرەر. ئەگەر بىر ئەر كىشى ئۆيگە كىرىپ ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلسا ياكى بىر نەرسە بېرىپ چۈش كۆرگەن بولسا، دۆلەتمەن ۋە سائادەتمەن بولۇر، مۇرادىغا يېتەر، ئۈيلىغان ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇر. ھەر كىم چۈشىدە قىلنى كۆرسە، خۇشال ـ خۇرام بولۇر، ئەگەر چۈشىدە يۇڭ سېتىۋېلىپ چۈش كۆرسىمۇ خۇشال ـ خۇرام بولۇر.

ھەر كىم كېنىزەكنى چۈشىدە كۆرسە، سودا ـ سېتىقىدىن ۋە تېپىۋالغان نەرسىلەردىن خەير ـ بەرىكەت كۆرەر، دۈشمەنلىرىگە ھەزەر قىلغاي، ئۇلار زەپەر قۇچار.

ھەر كىم چۈشىدە كىچىك ئوغۇل بالىنى ياكى ئايالنى كۆرسە، شادلىق نېسىپ بولۇر، پايدا ـ مەنپەئەت يېتەر. ھەر كىم ئايال كىشىنى خاھى قېرى بولسۇن، خاھى ياش بولسۇن چۈشىدە كۆرسە، پۇل ـ مال تاپار، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر، دىنى پاك بولۇر. ئەگەر چۈشىدە كۆرگەن ئايال قېرى بولسۇن ياكى ياش بولسۇن ئۇ خۇش چىراي

① زەغفەران ـ خۇش پۇراق ۋە سېرىق رەڭلىك بىر خىل ئۆسۈملۈك
② كافۇر ـ خۇشبۇي ئاق رەڭلىك بىر خىل ماددا
③ سەندەل ـ قارا سېرىق رەڭلىك خۇش پۇراق دەرەخ

بولسا، ھەممە ھاجەتلىرى راۋا بولۇر، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۇرەر.

## ئون ئىككىنچى باب

### غۇسلى، تەيەممۇم، تاھارەت، سەجدە قىلماق، ئەزان ئېيتماق، ھەج تاۋىپى قىلماق، ئېھرام باغلىماق، مىنا ئېغىنى، ھەرەمنى، زەمزەمنى كۆرمەك، نەزىر، سەدىقە بەرمەك ۋە ئىمامەتچىلىك قىلماقنىڭ بايانى

ھەر كىم غۇسلى قىلىپ چۈش كۆرسە، غەمدىن ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتىن خالاس بولۇر، تۆۋە قىلۇر، كېسىلى شىپا تاپار. ھەر كىم چۈشىدە تاھارەت ئالسا، كۆڭلى بالالاردىن ئەمىن بولۇر، ئاۋام خەلقنىڭ ھاجىتى راۋا بولۇر، خەلققە كۆپ چارە ـ تەدبىرلەر كۆرسىتەر ۋە ساۋابلىق ئىشلارغا دالالەت قىلۇر. ئەگەر قول، پۇتىنى پۇتۇنلەي يۇيۇپ چۈش كۆرسە، ھەممە ھاجەتلىرى راۋا بولۇر، ئەگەر ھەممىسنى يۇيمىسا ئىشلىرى يېرىم ـ ياتا قالۇر.

ھەر كىم ناماز ئۆتەپ چۈش كۆرسە، ھاجەتلىرى راۋا بولۇر، دىنى پاك بولۇر، ئىشلىرى يۈرۈشەر. ئەگەر نامازنى تولۇق ئۆتەپ چۈش كۆرگەن بولسا، ھەممە ئىشلىرى تولۇق بولۇر، ئەگەر نامازنى تولۇق ئۆتىمەي چۈش كۆرسە، ئىشلىرى يېرىم ـ ياتا بولۇر، ھەر كىم رۇكۇغا بېرىپ، سەجدە قىلىپ چۈش كۆرسە، ئاللا تائالاغا يارەن بولۇر.

ھەر كىم غازات قىلىپ چۈش كۆرسە، خەير ۋە بەرىكەت پەيدا بولۇر، ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرەر.

ھەر كىم ھەج تاۋاپ قىلىپ چۈش كۆرسە، ئادىل بولۇر ۋە ئىشلىرى بەلەن بولۇر. ئەگەر پادىشاھلار ھەج قىلىپ چۈش كۆرسە، ئاۋام خەلققە ئادىل، ئىنساپ ئاتا قىلۇر. ئەگەر ھەرەمگە كىرىپ چۈش كۆرسە، ھەممە غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇر. ئېھرام باغلاپ چۈش كۆرسە تۆۋە قىلۇر، رەھمەت خەير ـ بەرىكەت كۆرگۈچىگە نېسىپ بولۇر. ھەر كىم ئېھرامنى بېشىنى تۆۋەن تۇتقان ھالدا باغلاپ چۈش كۆرسە، ھەممە گۇناھىدىن پاك بولۇر ھەم غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇر. ھەر كىم مېھراپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ چۈش كۆرسە، بارلىق مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولۇر، ھالالدىن مال ـ دۇنيا تاپار. ئەگەر مېھراپتىن چىقىپ چۈش كۆرسىمۇ ھەر قانداق ھاجىتى بولسا ئاللا تەئاللادىن تىلىسە راۋا بولۇر. ھەر كىشى ئۆزىنى ھەرەمدە كۆرسە، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خالاس بولۇر، ئەگەر مىنادا تۇرۇپ چۈش كۆرسە، ئاللا تەئالا ھەممە غەمدىن خالاس قىلۇر. قىيامەتتىكى سوراق ـ سوئالدىن خالاس بولۇر، ئەگەر ھەرەمدە تۇرۇپ چۈش كۆرسە، ئىككىلا دۇنيادا ئامان بولۇر، ھۆرمەتلىك ئەمەلدار بولۇر، رىزقى كەڭ بولۇر. ئەگەر مەسچىت ھەرەمدە تاۋاپ قىلىپ چۈش كۆرسە، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولۇر، ئاللا تەئاللانىڭ ئەمىر ـ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرەر، ھالالدىن مال ـ دۇنيا تاپلار، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن زەپەر قۇچار، ئەگەر بەندىلەر بۇ خىل چۈشنى كۆرسە ئازاد بولۇر، ھەر كىم كەئبەنىڭ ئۆيىنى چۈشىدە كۆرسە، ئۇلۇغ بولسا مەرتىۋىسى ئېخىمۇ زىيادە بولۇر، مال ـ مۈلكى، نازۇ نېمەتلىرى تولىمۇ كۆپ بولۇر، ھۆكۈمى ئىناۋەتلىك بولۇر. ئەگەر پاسىق ئادەملەر بۇ خىل چۈش كۆرسە، تۆۋە قىلغاي. ئەگەر يات دىنىدىكىلەر يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرسە، ئاللا ئۇنىڭغا ئىمان ئاتا قىلۇر، ئەگەر كەئبەنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ۋە تاشقىرى چىقىپ چۈش كۆرسە، ھەممە غەم ـ غۇسسىدىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇر، رىزقى مول بولۇر، ئاللا تەئاللا رەھمەت قىلۇر.

ھەر كىم زەمزەم چىقىدىغان جاينى چۈشىدە كۆرسە ياكى ئۇنى ئىچسە قىيامەت تەشنالىقىدىن ئامان بولۇر. ھەزرىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۇبارەك قوللىرىدىن كەۋسەر سۈيىنى تاپار، ئالىم بولۇر، ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ساۋابلىرىنى تاپار، بۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن كېتەر. ئەگەر چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى كۆرسە، ھاجىلارنىڭ قىلغان ساۋابىنى تاپار. دىنىي ئىشلىرى ئوبدان بولۇر، ئەگەر ھاجىلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى چۈشىدە كۆرسە، ھەمىشە خەير ـ بەرىكەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۇرەر. ئەگەر كەئبىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئۆتەپ چۈش كۆرگەن بولسا، كۇپۇر ۋە دىنسىزلىققا قالۇر. دۇنيادىن ئىمانسىز كېتەر. تۆۋە قىلماق كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنكى ھەر كىشى ناماز ئۆتىسە يۈزىنى كەئبىگە قىلۇر. ھەر كىم ئۆشرە ـ زاكات ۋە سەدىقە بېرىپ چۈش كۆرسە، خەير ـ بەرىكەت تاپار، مۈشكۈل ئىشلىرى ئاسان بولۇر ھەم غەم ـ قايغۇدىن خالاس بولۇر. ھەر كىم ئەزان توۋلاپ چۈش كۆرسە، ھەج تاۋاپ قىلۇر، ئەگەر توغرا نىيەتلىك بولسا، ئەگرىلىكتىن ئېخىمۇ قۇتۇلۇر، ئەگەر پاسىق بولسا ئوغرى بولۇر، تۆھمەتكە قالۇر، قايغۇلۇق سۆزلەرنى ئاڭلار. ئەگەر كارۋان سودىگەرلەرنىڭ سارىيىدا ئەزان توۋلاپ چۈش كۆرسە، قاراقچىلار پەيدا بولۇر ھەمدە ئۇلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالۇر. ئەگەر كارۋان سارايىنىڭ ئىشىكىدە ئەزان ئوقۇپ چۈش كۆرسە، بۇ سارايىنى سېتىۋېتۇر.(داۋامى بار)

مۇھەررىرى: **مۇختار مۇھەممەد**

# مەشرەپ ھەققىدە ھېكايىلەر

## قورساق ئاغرىشىنىڭ سەۋەبى

مەشرەپ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بولغاندا ئانىسى بازارغا بېرىپتۇ. بىر باققال خېرىدارغا ئۈزۈم تارازىلاپ بېرىۋاتسا، بىر تال ئۈزۈم تارازىدىن دومىلاپ چۈشۈپ مەشرەپنىڭ ئانىسىنىڭ پۇتىنىڭ تۈۋىدە توختاپتۇ. مەشرەپنىڭ ئانىسى بۇ بىر تال ئۈزۈمنى «پۇف» لېۋىتىپ يەپتۇ، ئۇنىڭ شۇ ھامان قورسىقى قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىپ بىر ھازادىن كېيىن ئاغرىق ئاستا ـ ئاستا توختاپتۇ. ۋاقتى سائىتى توشۇپ مەشرەپ دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ مەشرەپ يېشىغا يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، — مەن قورسىقىڭىزدىكى چاغدا قورسىقىڭىز ئاغرىغانمىدى؟

— بۇنى سەن قانداق بىلىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى ئەجەبلىنىپ.

— ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، شۇ چاغدا باققالنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر تال ئۈزۈمنى ئېلىپ باققالنىڭ رازىلىقىنى ئالماي يەۋالدىڭىز. ھەقسىز بىر تال ئۈزۈمنىڭ قورسىقىڭىزغا كىرىۋاتقانلىقىنى بىلدىم ـ دە، شۇنداق ئاچچىقىم كېلىپ قورسىقىڭىزنى قاتتىق مۇجۇدۇم، شۇ چاغدا ئەگەر ئانىلىق ھۆرمىتىڭىزنى قىلمىغان بولسام قورسىقىڭىزنى يىرىپ يەرگە سەكرىگەن بولاتتىم.

— ئاللا بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھىمنى كەچۈرگىن، — دەپتۇ ئانىسى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

## ئوت ياقمىغان قۇرۇق ئوتۇننى پۈۋلەش

مەشرەپ بەش ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۇنى مەدرىسكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. مەشرەپ ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستازى دانىش خەلپىتىم بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە دانىش خەلپەتنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەغەزدە ئوڭ تەرەپتە سەككىز، سول تەرەپتە سەككىز جەمى 16 كەپتەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بېشى مەرمەر، كۆزلىرى ياقۇت، پەيلىرى ئالىيپشىل، تىرناق ۋە تۇمشۇقلىرى ئۇنچە ـ مەرۋايىتتىن جۇلالىنىراق ئاجايىپ بىر گۈزەل لاچىن ئولتۇرغۇدەك. «خۇدايا تۇۋا!» دېپتۇ دانىش خەلپىتىم ئويغىنىپ، «ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمىنا. شۇنداق كېلىشكەن چىرايلىق سۇرلۇك لاچىندىن كەپتەرلەرنىڭ ئۈركۈمەي ئەكسىچە لاچىنغا يېقىن چاپلىشىپ تۇرغىنى نېمىسى؟!» دانىش خەلپىتىم ھەر قانچە ئويلاپمۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى تاپالماپتۇ ـ دە، بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— قانچە شاگىرتىڭ بار؟ — سوراپتۇ ئۇستازى دانىش خەلپىتىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— 17 شاگىرتىم بار ئۇستاز، — دەپتۇ دانىش خەلپەت.

— ھە، — دەپتۇ ئۇستازى ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك، ئەشۇ 17 شاگىرتىڭنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىرى ئەۋلىيا ئىكەن.

— نېمە، ئەۋلىيا؟! — دەپتۇ دانىش خەلپەت ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، — ئەمسە مەن ئۇنى قانداق پەرق ئېتىمەن؟

— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاسان.

— قىنى تېزراق دېسىلە ئۇستاز، — دەپتۇ دانىش خەلپەت تەقەززا بولۇپ.

— چارە شۇكى، — دەپتۇ ئۇستازى تەمكىنلىك بىلەن، — سەن ئەتە شاگىرتلىرىڭنىڭ ھەممىسگە بىر قولتۇقتىن ئوتۇن ئەكىلىشنى بۇيرۇيسەن، ئەكەلگەن ئوتۇنلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئوت ياقماي تۇرۇپ شاگىرتلىرىڭنى بىر باشتىن نۆۋەت بىلەن پۈۋلەشكە بۇيرۇيسەن.

— ئوت ياقمىغان ئوتۇننى «پۇف» دەڭلار دېسەم ئۇلار مېنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دېمەمدۇ؟

— دېگىنىمدەك قىل، ئەگەر شاگىرتلىرىڭنىڭ ئىچىدە قايسى ئەۋلىيا بولسا، «پۇف!» دېگەندە بىر پارچە ئوت ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ ـ دە، ئوتۇن گۇرۇلدەپ كۆيىدۇ، — دەپتۇ ئۇستازى. دانىش خەلپەت ئۇستازىنىڭ يېنىدىن كېلىپ شاگىرتلىرىغا ئەتە ئەتىگەندە بىر قولتۇقتىن ئوتۇن ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەشرەپ

كىچىكىدىنلا دادىسىدىن يېتىم قالغاچقا ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۈنى ناھايىتى غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئانىسى ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋا تېرىپ ئوماچ ئېتىپ، ئوچاقتا كۆمەچ كۆمىدىكەن. مەشرەپ ئوماچنى ئىچىپ، چۈشلۈك غىزاسى ئۈچۈن تەييارلانغان كۆمەچنى سومكىسىغا سېلىپ مەدرىسكە ماڭغاچ قوناقنىڭ كۆتىكى ۋە چاۋا تېرىپ ھەممە ساۋاقداشلىرىنىڭ كەينىدە قاپتۇ. مەدرىسە ھويلىسىغا ساۋاقداشلىرى ئۆرۈك ۋە جىگدىنىڭ قۇرۇق ئوتۇنلىرىنى دۆۋىلىۋېتىپتۇ.

— مەشرەپ نېمىشقا كېيىن قالدىڭ؟— دەپتۇ خەلپىتىم سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ.

— ئوتۇن تېرىمەن دەپ ئۇستاز، — دەپتۇ مەشرەپ يەرگە قاراپ.

— ئەكەلگەن ئوتۇنۇڭ مۇشۇما؟

— شۇنداق ئۇستاز، ئانامنىڭ تەرگەن ئوتۇنى ئوچاقتا ئۇدۇللۇق ئاران ئۇلگۇرىدۇ. مېنىڭ ئوتۇنۇم ساۋاقداشلىرىم ئەكەلگەن ئوتۇنغا تۇتروق بولار.

— ماڭ، ئاۋۇ ئوتۇنلارنىڭ بىر چېتىگە تاشلا.

مەشرەپ ئەكەلگەن ئوتۇننى دۆۋىلەگلىك ئوتۇننىڭ بىر چېتىگە تاشلىۋېتىپ كېلىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. دانىش خەلپەت شاگىرتلىرىنى قاتار قىلىپ:

— ھەممىڭلار نۆۋەت بىلەن بۇ ئوتۇننى «پۇف» دەپ ئۆتۈڭلار، — دەپتۇ.

— ئۇستاز، ئوت ياقمىغان قۇرۇق ئوتۇننى «پۇف» لىگەن نەدە بار؟ — دەپتۇ شاگىرتلىرى.

— تولا گەپ قىلماي دېگىنىمدەك قىلىڭلار، — دەپتۇ خەلپەت، شاگىرتلىرى «ئۇستاز بۈگۈن ئەقلىدىن ئېزىپ قالدىمۇ ـ نېمە» دەپ كۈلۈشۈپ ئوتۇننى بىر ـ بىردىن «پۇف» لەپ ئوتۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا نۆۋەت مەشرەپكە كەپتۇ. «يا ئاللانىڭ ئەمرى؛پىرىمنىڭ ئەمرى!» دەپ «پۇف!...» دېيىشىگە ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئوتۇن گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. مەشرەپ شۇ ھامان ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ «يا ئاللا، يا ھۇ...» دەپ جار سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم «يا ئاللا» دېگەندە ئوت ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە يېتىپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن مەشرەپ ئوت ئىچىدىن چىقىپ ئوتقا قاراپ دەپتۇ: «ئى ئوت، ئەمدى توختا!» دەپتۇ. ئوت شۇ ھامان پەسىيىپتۇ، مەشرەپ ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ كېتىپتۇ.

## ئانا رازى ـ خۇدا رازى

مەشرەپ مەدرىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەركىيدۇنيا بولۇپ كېتىپتۇ. ئاللانىڭ ئىشقىدا مۇناجات ئوقۇپ چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ. نۇرغۇن خانىقا ـ مازالارنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ، شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى بىر مازارلىقتا كېتىۋېتىپ يېڭى كۆمۈلگەن بىر جەسەتنى يەرنىڭمۇ قوينىغا ئالماي تۇپراق تېشىغا چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى كۆمۈپ قويماقچى بولۇپ ئۆلۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، جەسەت تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ياش يىگىت بولۇپ، پېشانىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا توققۇز بوغۇملۇق بىر چايان غەزەپ بىلەن نەشتەر ئۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەشرەپ چايانغا ۋاقىراپتۇ.

— ئى چايان، ئارقاڭغا قايت!

چايان يەنە چېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— ئى چايان، ئاڭلىمايۋاتامسەن؟! — چايان گويا ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغاندەك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەپتۇ.

— ئى چايان ! — دەپتۇ مەشرەپ غەزەپ بىلەن — بۇ ئۆلۈككە نېمانچىۋالا غەزەپ قىلىسەن؟! ئەگەر كەينىڭگە قايتمايدىغان بولساڭ ھاسام بىلەن ئۇرۇپ سېنى يەنچىۋېتىمەن! — دەپتۇ. چايان:

— ئى ئەۋلىيا! مەن بۇ ئۆلۈكنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن چېقىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن چېقىۋاتىمەن، گېپىڭ بولسا ئاللاغا دېگىن! — دەپتۇ. مەشرەپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ ھامان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ.

— ئى ئاللا، بۇ بەندەڭنىڭ قانداق گۇناھى بولسا مەن تىلىۋالاي، ئۇنىڭغا بۇنداق ئازاب قىلمىغىن،ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، — شۇ ھامان غايىبتىن سادا كەپتۇ:

— ئى مەشرەپ، بۇ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان بىر ئاسىي گۇناھكار بەندە. ئەگەر سەن بۇنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولساڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئانىسىنى تاپ، ئانىسى رازى بولسا ئاندىن مەن رازى بولۇپ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىمەن.

— ئەگەر ئانىسى رازى بولمىسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا تا ئاخىر زامانغىچە قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

ــ ئى كەرەملىك ئاللا، بۇ بەندەڭگە بىر دەملىك بولسىمۇ جان ئاتا قىلغان بولساڭ، مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاغزىدىن ئاڭلىسام، ــ دەپتۇ مەشرەپ. ئاللا مەشرەپنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىپتۇ. ئۆلۈك نالە ـ پەرياد قىلغىنىچە ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن داد ـ پەرياد چېكىپ ئۆزىنى ھەر يان ئۇرۇپتۇ. چايان ئازاب قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ــ ئەي ئاللانىڭ بەندىسى مۇھەممەتنىڭ ئۇممەتى، سەن بۇنچە ئازابقا قالغۇدەك قانداق گۇناھ قىلغانتىڭ؟ ــ سوراپتۇ مەشرەپ ئۇنىڭدىن:

ــ مېنىڭ گۇناھىم ئىنتايىن ئېغىر، دېيىشتىن نومۇس قىلىمەن، ــ دەپتۇ تىرىلگەن يىگىت ئاچچىق ئازاب دەستىدىن پىغانلىق تولغىنىپ.

ــ ئازابتىن قۇتۇلۇشنى خالىساڭ ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتىپ بەرگىن.

ــ ماقۇل مەن ئېيتاي، ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلا ئىش بولسا ئېيتاي، ــ يىگىت چايانىنىڭ قاتتىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ، ــ ئاتا ـ ئانامنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغاچقا ناھايىتى ئەرزىلىق ئىدىم.

ئاتا ـ ئانام مەن نېمە دېسەم شۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرەتتى. ئائىلەم ئىنتايىن نامرات بولسىمۇ ئاتا ـ ئانام مېنى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ ھېچنېمىگە خىجالەت قىلماي بېقىپ چوڭ قىلدى. مەن توققۇز ياشقا كىرگەندە دادام ئالەمدىن ئۆتتى. بارلىق ئېغىرچىلىق بىچارە ئانامغا قالدى. ئانام مېنى ياخشىراق يېگۈزۈپ، كىيىندۈرۈش ئۈچۈن بايلارنىڭ تونۇرىغا نان يېقىپ، كىر يۇيۇپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. ئانامنىڭ تارتقان جاپايى بەدىلىگە مەن ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك غەمسىز چوڭ بولدۇم، قۇرامىغا يەتكەندە ئانام بارلىق ئامالىرىنى قىلىپ ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنى ئېلىپ بەردى.

مەن ئايالىمغا ئىنتايىن ئامراق ئىدىم.

بىر كۈنى سىرتتىن كىرسەم ئانام بىلەن ئايالىم بىر ـ بىرى بىلەن چاچلىشىپ شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشۇپتۇ. ئۇيانغا قارىسام ئانام، بۇ يانغا قارىسام ئايالىم، مەن بىردەم نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئاخىر ئانا مېھرىدىن ئايالىمغا بولغان مۇھەببىتىم ئۈستۈن كېلىپ ئانامنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردۇم. كاچات ئانامنىڭ ئاغزىغا تېگىپ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى. يەرگە ئىككى چىشى قان بىلەن ئارىلىشىپ چۈشتى. ئانام شۇ ھامان ھۆكرەپ يىغلاپ مېنى قارغاشقا باشلىدى:

«ئىست سىنى پەپىلەپ باققانلىرىم! ساڭا بەرگەن سۈتۈمگە، تۇزۇمغا رازى ئەمەس! خۇدا ياش جېنىڭدىن ئايرىغاي، بۇ دۇنيادا ھېچكىمدىن ياخشىلىق كۆرمىگەيسەن، ئۇ دۇنيادا بېھىش يۈزى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتەرسەن!» دەپ ئانام يىغلىغان پېتى ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئانام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر تامنىڭ تۆۋىگە بېرىپ ھاجەتكە ئولتۇرۇشۇمغا پۇتۇم چوغ يىقىۋەتكەندەك «ۋاژ»ژ ىدە ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. قارىسام چايان چېقىۋاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھايات بىلەن خوشلاشتىم، بىر چاغدا:

«ئەي ئانا قارغىشى ئالغان بەدبەخ! پاك جىسمىڭنى بۇلغىماي چىق!» دېگەن بىر ھەيۋەتلىك سادا ئاڭلىنىپ زېمىن مېنى ئۆز قوينىدىن سىرتقا چىقىرىپ تاشلىدى. شۇ ھامان مېنى چېقىپ ئۆلتۈرگەن چايان پېشانەمگە چىقىپ غەزەپ ـ قەھرى بىلەن چېقىشقا باشلىدى. ئاھ، خۇدا! مېنىڭ بۇ ئازابقا چىدىغۇدەك دەرمانىم قالمىدى، ــ دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ يىگىت، مەشرەپ يىگىتنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئانا ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىچ ئاغرىقىدا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالغان ئىكەن. ئانا ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن زار ـ زار ياش تۆكۈپ ئاللاغا مۇناجەت قىپتۇ:

ــ ئى كەرەملىك ئاللا! مەن ئاچچىقىمدا مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىمگە ئوغلۇمنى شۇنچە ئازابقا ساپسەن. بالامدىن مەن رازى، ھەر قانداق گۇناھى بولسا ئۆتكىن!

ئانىنىڭ دۇئاسى بىلەن تەڭ ئاللا يىگىتتىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ.

ــ ئى ئاللا! ــ دەپتۇ يىگىت ، ــ ماڭا ياشاشقا يەنە بىر پۇرسەت بەرگەن بولساڭ، ئانامنى شىللەمدىن چۈشۈرمەي ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بېقىپ دۇئاسىنى ئېلىۋالغان بولسام.

ــ ئى ئىنسان، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇنداق پۇرسەت ساڭا بىر قېتىم بېرىلگەن. سەن ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭ. ھايات شامىڭنىڭ 2 ـ قېتىم يەنە يېنىشى مۇمكىن ئەمەس!

ئەزرائىل كېلىپ ئامانەتنى سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەر ئۇنى ئۆزلۈكىدىن قوينىغا ئاپتۇ.

تەييارلىغۇچى: **تاشقارى يۈسۈپ** (قىزىلسۇ ئوبلاستلىق باج ئىدارىسى 48 ـ ساندۇق)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# ئەپسانىۋى سان ۋە مۇقەددەس سانلار سىستېمىسى

ئېرنىست كاسىرى [گېرمانىيە]
ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

ماكان ۋە زاماندىن باشقا يەنە سانلارمۇ ئەپسانىۋى دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۈچىنچى مۇھىم باش تېما. ئەگەر سانلارنىڭ ئۆزىدىكى ئەپسانىۋى قۇدرىتىنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، سانلارنى ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى مەنىسى ۋە قۇدرىتىدىن پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. نەزەرىيىۋى بىلىم سىستېمىسىدا، سانلار ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت ھالقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئەڭ پەرقلىق مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۇقۇم بىرلىكىگە ئايلاندۇرالايدۇ. سانلار ھەر قانداق كۆپ خىللىق ۋە پەرقنى بىلىم بىرلىكىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، بىلىمنىڭ ئۆزىدىكى تۈپكى نەزەرىيىۋى مەقسەتنىڭ ۋە ھەقىقەتنىڭ نامايەندىسىگە ئايلاندى. سانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەلسەپىۋى، ئىلمىي تەبىرىدىن باشلاپلا ئۇلارغا مۇشۇنداق تۈپ ئالاھىدىلىكلەر بەخش ئېتىلدى. بىز فرولونىڭ خاتىرىلىرىدىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز:

«سانلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىشىلەرنى گاڭگىراتقان ۋە بىلىنمىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە يېتەكلەيدۇ. چۈنكى سانلار ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بولمىسا، بارلىق ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتىكى نەرسىلەر روشەن بولماي قالىدۇ. لېكىن سانلار تۇيغۇ ئارقىلىق بارلىق نەرسىلەرنى روھقا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ، بىلگىلى بولىدىغان، ئۆز ئارا سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان قىلىدۇ... چۈنكى، سانلار نەرسىلەرگە شەكىل ئاتا قىلىدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز تىپلىرىغا ئايرىدۇ، ئۇلارنىڭ چەكلىك ياكى چەكسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.»①

بۇ خىل بىرلىشىش ۋە ئايرىلىشتا، ئۇزۇن مۇددەتلىك چەك ۋە مۇناسىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بۇ جەرياندا سانلارنىڭ زىچ لوگىكىلىق كۈچى نامايان بولىدۇ. ئادەم سانلارغا، تۇيغۇ دۇنياسىغا، سەزگۈدىكى «ماھىيەت» كە تايىنىپ بارا - بارا ئۇنىڭ ئەقلىي شەكىللەر ئىچىدىكى ئالاھىدە تەرەپلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى قايتىدىن تۈزىدۇ. رېئال مەۋجۇتلىقنىڭ «ھەقىقىي» ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەسراتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇيغۇ ئالاھىدىلىكلىرى - كۆرۈشچانلىق، ئاڭلاشچانلىق، سېزىشچانلىقى - پەقەت «ئىككىنچى خىل ماھىيەت» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي يىلتىزى ۋە ئېپتىدائىي ئاساسلىرىنى مىقدار ئۆلچىمىدىن ئىزدەش كېرەك، دېمەك ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى يەنە ساپ سانلىق مىقدار مۇناسىۋىتىدىن ئىزدەش كېرەك. ھازىرقى نەزەرىيە پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىدراكنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ساپ بىۋاستە كۆزىتىشتىكى شەكىللەرنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى، ماكان ۋە زاماننىڭ ماھىيىتىنى ساپ سان ماھىيىتىگە كەلتۈردى. ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلىشنىڭ غايىسىنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلىيلەشتۈردى ② . گويا سان بۇ يەردە ھەقىقىي لوگىكىلىق قورال سۈپىتىدە ئاڭ مەزمۇنىنىڭ ماھىيەت بىردەكلىكىنى بەرپا قىلغاندەك سانىنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشاشلا مۇتلەق ماھىيەت بىرلىكى ۋە مۇتلەق بىردەكلىكنىڭ سۇبستانسىيىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئالاھىدە سانلار بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان تەرەپلىرىنى نامايان قىلمايدۇ. ئۇلاردىكى پەرق پەقەت ئۇلارنىڭ سىستېما پۈتۈنلۈكىدىكى ئورنىدىن كېلىپ چىققان. ئۇلار پەقەت مۇشۇ خىل ئورۇنغا ئىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەقەت ئۇقۇملار توپلىمىدىكى مۇناسىۋەت ئۇلارغا مەۋجۇتلۇق، ئالاھىدىلىك ۋە ماھىيەت بېغىشلايدۇ. شۇڭا، ئالاھىدە سانلارنى لايىھە خاراكتېرىدە بېكىتىپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ سانلار گەرچە مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان تۇيغۇ ياكى بىۋاستە كۆزىتىش ئاساسىغا بىۋاستە ماس كەلمىسىمۇ، لېكىن روشەن ھالدا ئەشۇ خىل مۇناسىۋەت

ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، دېدېكىنت (Dedekind) تىن تارتىپ گۈللەنگەن ئىرراتسىئونال سانلار ئېنىقلىمىلىرىدا ئىرراتسىئونال سانلار راتسىئونال سانلار سىستېمىسىدىكى «پارچىلىنىش» نى ئىپادىلەيدۇ (مۇقىم لوگىكىلىق پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، بۇ سىستېمىنى ئۈزۈل - كېسىل ھالدا ئىككى تۈرگە ئايرىش). تۈپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ساپ ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر «يەككە» سانلارنى پەقەت مۇشۇ خىل شەكىلدە چۈشىنىدۇ: ئۇنىڭغا نىسبەتەن سان پەقەت ئۇقۇم مۇناسىۋىتىدىكى بىر خىل ئىپادىلەش شەكلى، پەقەتلا ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدىلا سان سانىنىڭ ئۆزىنى ۋە سان ساھەسىدىكى ئۆز - ئۆزىنى چەكلەشتەك بىردەك قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

لېكىن، بىز تەپەككۇرنىڭ شەكلى ۋە ساپ نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە بۇرۇلساق، سان دەرھاللا ئىنتايىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە نامايان قىلىدۇ. بىز تىل تەتقىقاتىدىن بىلدۇقكى، سانلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇنداق بىر باسقۇچ بار، ھەر بىر ئالاھىدە سان سانلار قاتارىدىكى بىر ھالقىغىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، يەنە ئۆزگىچە مۇستەقىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، سانىنىڭ تاشقى ئامىللىرى ئابستراكت ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەمەس، بەلكى باشتىن ئاخىر ئۆزى قوتۇلالمايدىغان مۇئەييەن كونكرېت يەككە بىۋاستە كۆزىتىش ئاساسىغا تايىنىدۇ. سان بۇ يەردە ھەر خىل مەزمۇندىكى ئومۇمىي ئۆلچەمگە ماس كېلىشۋەرمەيدۇ، سانىنىڭ «ئۆزى» مەۋجۇت ئەمەس؛ ئەكسىچە، سان ئۇقۇمى ۋە ئاتالغۇسى سانىغلى بولىدىغان يەككە شەيئىلەردىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ شەيئىلەر ھەققىدىكى بىۋاستە كۆزىتىش دائىرىسىدە باشتىن ئاخىر چەكلىنىدۇ. سانىغلى بولىدىغان ماددىنىڭ ماددىلىقىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئالاھىدە سانلىق مىقدار بىلەن بىللە تۇرغان خۇسۇسىي بىۋاستە سەزگۈنىڭ مەزمۇنى ۋە خۇسۇسى كەيپىيات مۇھىتى، شۇنداقلا كۆپ خىل سانلار مۇتلەق بىردەك ئەمەس، ئەكسىچە، پەرقى ئىنتايىن كەسكىن سۇبىستانسىيەدەك تۇس ئالغاچقا، ھەر بىر سان مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىگە خاس پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. بىز ئەپسانە ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرگەندە، ساپ ئۇقۇمچانلىق ۋە ئابستراكت لوگىكىلىق بېكىتىلمىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان سانىنىڭ بۇ خىل ھىسسىي پۈتۈنلۈككى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. ئەپسانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەزمۇندىكى ئوخشاشلىق مەزمۇن

ئوتتۇرىسىدىكى نوقۇل مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئارا تەۋەلەشتۈرىدىغان ھەقىقىي ۋاستە - ساندىكى ئوخشاشلىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىككى مىقدار سان جەھەتتىن ئۆز ئارا ئوخشاش بولسا ھەم ئۇلار بىر - بىرىگە روشەن ھالدا باراۋەر بولسا، ئۇنداقتا، ئەپسانە بۇ ئىككى مىقدارغا ئورتاق ئەپسانىۋى «ماھىيەت» نى بېغىشلاش ئارقىلىق بۇ خىل باراۋەرلىكنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ، بەلكى بىلىش ساھەسىدە بۇ خىل باراۋەرلىك نوقۇل توقۇلما (ئويدۇرما) مۇناسىۋەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گەرچە شەيئىلەرنىڭ ھېسسىي تاشقى قىياپىتىدە پەرق بولسىمۇ، ئوخشاش سانغا ئىگە شەيئى ئەپسانە نۇقتىسىدىن قارىغاندا «ئوخشاش بىر شەيئى» دۇر. ئۇ نوخشاش بىر ماھىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزىنى ئوخشىمىغان ئىپادىگە يوشۇرىدۇ. ساننى مۇستەقىل سۇبىستانسىيە ۋە كۈچكە ئايلاندۇرۇشتەك بۇ خىل ئۇسۇل پەقەت ئەپساننى سۇبىستانسىيەلەشتۈرۈشنىڭ تۈپ شەكلىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئۆزگىچە بولغان ئىسپاتتۇر. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىۋى سان ئۇقۇمى —— خۇددى ماكان، زامان ئۇقۇملىرىدەك بىرلا ۋاقىتتا، ئومۇمىيلىققا ئىگە ئامىللار بىلەن تەلتۆكۈس ئالاھىدە بولغان ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە سان نوقۇل تەرتىپ ئەمەس، ئۇ ئۇنىۋېرسال ۋە ئومۇمىي سىستېما ئىچىدىكى ئورۇننى بىلدۈرمەيدۇ؛ ئەكسىچە، سان ئۆزىگە خاس ماھىيەتكە ئىگە مۇستەقىل خاراكتېر ۋە كۈچكە ئىگە ③ . لېكىن، بۇ مۇستەقىللىق ساپ تەجرىبە ئۇقۇمى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يات ماھىيەت دەپ قارالغان سۇبىستانسىيەگە سىڭىپ كىرىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ھەر قايسى سۇبىستانسىيەلەردە ئۆزگىچە ھالدا تەركىبلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولىدۇكى، بۇ خىل مۇستەقىل خاراكتېر ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ئومۇمىي بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەپسانىۋى تەپەككۇردە خۇددى باشقا ساھەلەردىكىدەك سان ئالدىنقى ھەم تۈپكى شەكىل. بۇ مۇناسىۋەت بۇ يەردە مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىۋاستە مەۋجۇتلۇق ۋە دەرھاللا ئىسپاتلىنىدىغان نەرسە ھەمدە ئۆزىگە خاس تەۋەلىككە ۋە كۈچكە ئىگە بولغان ئەپسانىۋى سۇبىستانسىيەدۇر. لوگىكىلىق تەپەككۇر جەھەتتىن قارىغاندا، سان ئومۇمىي رول ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسانىۋى تەپەككۇر جەھەتتىن قارىغاندا، سان بىر خىل ئىپتىدائىي «سۇبىستانسىيە» ، ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتى ۋە كۈچىنى ئۆزىگە تەۋە بارلىق شەيئىلەرگە ئاتا قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سان ئۇقۇمى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ئەپسانىۋى تەپەككۇردا، ئوخشاش يۈنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى خىل تىپتىكى تەپەككۇردا سان ئۇقۇمى تۇيغۇ، بىۋاسىتە تۇيغۇ ۋە تەپەككۇر ساھەلىرىگە كېڭىيىدۇ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئاڭ ساھەسىنى ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىغا كىرگۈزىدۇ. لېكىن بىز بۇ ئىككى خىل تىپتىكى تەپەككۇردىن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان نىشان ۋە توپ ئۇقۇملارنى بايقىدۇق. ساپ بىلىش سىستېمىسى ئىچىدە سان خۇددى ماكان، زامانلارغا ئوخشاشلا ئالدى بىلەن ھەم ئاساسلىق ھالدا مۇنۇ نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت كۆپ خىللىقىنى ھادىسىلەر «ئاساسى» نىڭ ئابستراكسىيىسىگە ھەمدە ئۇقۇملارنىڭ بىردەكلىكىگە كەلتۈرىدۇ. ساننىڭ بىردەكلىكىگە تايىنىلغاندا، ھېسسىي دۇنيا ئەقلىي شەكىل تەرىقىسىدە ئايان بولىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان ئالەم سۈپىتىدىكى پەرەز كېلىپ چىقىدۇ، ساپ لوگىكىلىق ئۇقۇمنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر بارلىققا كېلىدۇ، ھەر قانداق ھادىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەقلىدىي سانى بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ سان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق سان ھالىتىگە كەلتۈرۈش ھادىسىلەر ئىچىدە ئۇزۇل - كېسىل، ئېنىق قانۇنىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى بېكىتىشنىڭ بىردىن بىر يولى دەپ ئىسپاتلانغان، ئومۇمەن بىلىم ۋە پەنلەر «تەبئىي» ناملار بىلەن ئويلىنىلغان ھەر بىر شەيئى نوقۇل سانلىق مىقدار ئامىللىرى ۋە بېكىتىلمىلەر ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان، بۇ ئامىللار ۋە بېكىتىلمىلەر رېئاللىقنىڭ قورالى بولۇپ رول ئوينايدۇ. بۇ قورال ئارقىلىق بارلىق تاسادىپىي مەۋجۇدىيەتلەرنى يېگىۋاشتىن ئىدىيە، قانۇنىيەت ۋە زۆرۈرىيەت ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. ئوخشاشلا سان ئەپسانىۋى تەپەككۇردا مەنىۋىلەشكەن ۋاسىتە سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى مەنىۋىلىشىش جەريانى باشقا بىر يۈنىلىش ئاساسىدا بولىدۇ. سان ئىلمىي تەپەككۇردا ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىزاھلاش ۋاسىتىسى، ئەمما ئەپسانىۋى تەپەككۇردا بولسا، دىنىي مەنىلەرنى يۈكلىگەن قۇرۇلما. ئالدىنقى ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ رولى بارلىق تەجرىبە مەۋجۇدىيەتلىرىنى رەتلەش ئىدى، بۇ ئۇلارنى ساپ ئۇقۇم مۇناسىۋىتى دائىرىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. بىراق كېيىنكى ئەھۋاللاردا، ساننىڭ رولى بارلىق رېئال مەۋجۇدىيەتلەرنى، پىئىللەرنى ۋە پۈتكۈل «ئۆرپ - ئادەت» نەرسىلىرىنى ئەپسانە - دىن شەكلىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈش (ئىلاھىيلاشتۇرۇش) جەريانىدۇر. چۈنكى، ھەر قانداق شەكىلدە ساننى ئۆزىگە يىغىۋالغان نەرسىلەر، مۇئەييەن ساننىڭ شەكلى ۋە كۈچىنى ئۆزى ئارقىلىق نامايان قىلىدىغان نەرسىلەر ئەپسانە ئېڭى بويىچە قارىغاندا، ئارتۇقچە نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى بۇلار ئارقىلىق يېڭى مەنىگە ئېرىشكەن نەرسىلەردۇر. ساننىڭ پۈتكۈل گەۋدىسىلا ئەمەس، بەلكى ھەر بىر بۆلەك سانلارنىڭ ئەتراپىدىمۇ سېھىرلىك نۇر چەمبىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ سېھىر ئۆزىنى ئۆزى بىلەن ئالاقىدار ھەر بىر شەيئىگە يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار گەرچە شەكىل بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك بولسىمۇ، ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى، پىرىخونلۇق دۇنيا قارىشى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي پىرىخونلۇق پائالىيىتىگە قەدەر بىز بۇ خىل سانغا نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە ئېھتىراسنى ھىس قىلىپ كەلدۇق. پىرىخونلۇق ئاساسىي جەھەتتىن سان سېھىرگەرلىكىدۇر. پىرىخونلۇق سان ئۇقۇمىدىن ماتېماتىكىلىق سان ئۇقۇمىغا بولغان ئۆزگىرىش پەقەت نەزەرىيە پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشقان. خۇددى ئاسترونومىيە مۇنەججىملىكتىن كېلىپ چىققاندەك. خىمىيە كىمياگەرلىك (مېتال تاۋلاش) تىن كېلىپ چىققاندەك، ئارىفمېتىكا ۋە ئالگېبىرالار بولسا، تېخىمۇ قەدىمكى بولغان پىرىخونلۇق ھالىتىدىكى سان تەلىماتىدىن كېلىپ چىققان ④ . بۇنداق ئىككى خىل سان ئۇقۇمىغا ئىگە بولغانلاردىن ئەمەلىي نەزەرىيە ماتېماتىكىسىنىڭ ئاساسچىسى پىفاگور ئېقىمىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە يېقىنقى دەۋرلەردە، ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدە ھېچنېمىنى پەرقلەندۈرمەيدىغان ئوتتۇرانچى ھالەتلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقىدۇق. جوردانوبرونو بىلەن نېۋكېلىن، فېلما بىلەن دېكارتلار بىرلىكتە ساننىڭ سىرلىق ئەپسانىۋى - دىنىي كۈچى ئۈچۈن ئەسەر يازدى. ئەمدى ئىككى خىل يۈزلىنىش بىر گەۋدىلەشمەكتە. مەسىلەن: كاردانۇس ئىككى ياقلىملىق ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي قىممىتىگە ئىگە ئالاھىدە ۋەكىلى. ئەگەر بۇ ئىككى خىل شەكىلنى مەزمۇن ۋە مەنە جەھەتتىن ھېچ بولمىغاندا بىر ئالاھىدە باش تېما، بىر ئاساسىي يۈزلىنىشتە بىردەك بولۇپ باقمىدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا بۇنىڭغا ئائىت بارلىق مىساللاردىكى ئىككى خىل شەكىلنىڭ مۇشۇنداق يوسۇندا قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئەپسانىۋى سان مەنىۋىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا شۇنداق بىر ۋاقىتتا تۇرىدۇ، ئۇمۇ بارلىق كۈچى بىلەن

بىۋاستە تۇيغۇ — ماددىي دۇنيانىڭ تارلىقى ۋە چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ئومۇمىي ئۇقۇمغا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە. روھ بۇ خىل يېڭى ئومۇمىيلىقنى ئۇزۇل - كېسىل ھالدا ئۆزىنىڭ ياراتمىشى دەپ چۈشىنىشكە ئامالسىز بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن يات بولغان پەۋقۇلئاددە كۈچ دەپ قارايدۇ. شۇڭا فرولو ئىنسانلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە «تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىلاھىي مەۋجۇتلۇق» تىنمۇ «ساننىڭ ماھىيىتى ۋە كۈچى» نى ئىزدىمەكتە. شۇنىڭدەك سان ئەپلاتوننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مۇھەببەت ئىلاھىدەك ئىنسانىيلىق بىلەن ئىلاھىيلىقنى، ئۆلۈش بىلەن چىرىمەسلىكنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدىغان، ئۇلارنى دۇنيا تەرتىپىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ئۇلۇغ تەڭشىگۈچ.

ساننىڭ ئىلاھىيلىشىش ۋە مۇقەددەسلىشىش جەريانىنى ئىنچىكە بايان قىلىش ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەقلىي، دىنىي سەۋەبىنى ئىزدەش ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس. مۇنداقلا قارىغاندا، بىز مۇقىم پرىنسىپلارنىڭ ئەھمىيەتسىز قېلىشىنى، ئەپسانىۋى پانتازىيە كۈچىنىڭ خالىغانچە جۇلالىنىشىنى بايقايمىز. تاللاش پىرىنسىپلىرىنى، ھەر بىر ساننىڭ ئالاھىدە خاس مۇقەددەسلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش قارىماققا پايدىسىزدەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى، پەرقسىز ھەر قانداق سان ئەپسانىۋى ئىزاھلاش ۋە ئەپسانىۋى چوقۇنۇشنىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ. ئاساسىي سانلار سىستېمىسىنى بىرمۇ بىر كۆزەتسەك، بۇ خىل ئەپسانىۋى - دىنىي سۇبستانسىيەنى ھەر بىر قەدەمدە بايقايمىز. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بەزى بۈيۈك مەدەنىيەتلىك دىنلاردىنمۇ 3،2،1 قاتارلىق سانلارنى سۇبستانسىيەلەشتۈرگەنلىك مىساللىرىنى ئۇچرىتالايمىز، ئەشۇ خىل ئۆزىنى مەنبە قىلغان «يەنە بىر» ئىككىنچى سۇبستانسىيەگە ئايلانغان، ئاخىرى ئۈچىنچى سۇبستانسىيەدە ئۆزى قايتا بىرىكىشتەك بىردەكلىك توغرىسىدىكى مەسىلە ئىنسانىي ئورتاقلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مەنسۇپتۇر. گەرچە بۇ مەسىلە پەقەت دىئالېكتىك دىنىي پەلسەپىلەردە نوقۇل ئەقلىي شەكلى سۈپىتىدە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۈچى بىر گەۋدە ئىلاھى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ كەڭ تارقىلىشى ئۇنىڭ مۇئەييەن تۈپكى ۋە كونكرېت ھېسسىيات ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مۇشۇ خىل ئاساسقا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. كېيىنكى سان دەل 4 بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي دىنى - ئالەمشۇمۇل مەنىلىرى ئاساسەن شىمالىي ئامېرىكىدىكى بەزى دىنلاردا ئىسپاتلىنىدۇ. 7 رەقىمى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىدە ئوخشاشلا قەدىر - قىممەتكە سازاۋەر، ئۇ مېسوپوتامىيە كىشىلىرىنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتىدىن ئەتراپقا تارالغان، ھەتتا، بابىلون - ئاسسۇرىيە كىشىلىرىنىڭ تەسىرى بولمىغان ياكى تەسىرى بولۇشى مۇمكىن بولمىغان رايونلاردىمۇ 7 رەقىمى ئالاھىدە مۇقەددەس سان. قەدىمكى گرېك پەلسەپىلىرىدە 7 رەقىمى ئەنە شۇنداق ئەپسانىۋى دىنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. فرولو يازغان دەپ قارالغان ۋەسىقىلەردە 7، ئانىسى يوق نارەسىدە ئافىناغا ئوخشىتىلغان، «چۈنكى ئۇ تۇرلۇك - تۇمەن نەرسىلەرنىڭ سۇلتانى ۋە رەھنەمايى، ئۇ بىر ئىلاھ، مەڭگۈ ياشايدىغان، مۇقىم، تەۋرەنمەس ئىلاھ، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئوخشايدۇ، باشقا سانلارغا (رەقەملەرگە) ئوخشىمايدۇ.»⑤ خىرىستىئان دىنىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە پوپلار 7 رەقىمىنى تولغان تاكاممۇل سان، ئومۇمىي ۋە مۇتلەق سان دەپ قاراپ: «يەتتە مۇكەممەل ساندۇر» دېيىشەتتى. قەدىمقى گرېك ئەپسانىلىرى ۋەئېتىقادلىرىدا ھەممە ئالمانلارنىڭ ئەقىدىلىرىدە 9 كۈنلۈك ئارىلىق بىلەن 7 كۈنلۈك دەۋر باراۋەر ئىدى. ئاددىي سانلارنىڭ مۇقەددەسلىكى مۇرەككەپ سانلارغا كېڭەيگەنلىكى ئۈچۈن 3، 7، 9، 12 قاتارلىق سانلارلا ئەمەس، ھەتتا بۇ سانلارنىڭ كۆپەيتمىسىمۇ ئالاھىدە ئەپسانىۋى دىنىي كۈچكە سازاۋەر بولغان. شۇڭا كېسىپ ئېيتقاندا، گويا ھەر بىر سان مۇشۇ خىل بىۋاستە سېزىم دائىرىسىگە ۋە مۇقەددەسلىك بابىغا كىرمەي قالمايدۇ. ئەپسانىۋى ئىلھام بۇ يەردە تېخىمۇ جەۋلان قىلىپ، خالىغانچە قېيغىتىپ، ھېچقانداق لوگىكىلىق كاتېگورىيەنىڭ بوغۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھېچقانداق ئوبيېكتىپ تەجرىبە پرىنسىپلىرىنى ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. سان پەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل ھەقىقەت مىزانى، بارلىق مۇنتىزىم ئەقلىي بىلىملەرنىڭ شارائىتى ۋە تەيیارلىقى. بىراق، ئەپسانە ئۈچۈن ئېيتقاندا، سان دائىرىسىگە كىرگەن، ساننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە سان سىڭىپ كىرگەن ھەر قانداق نەرسىگە ساننىڭ سىرلىق تامغىسى بېسىلغان. مانا ئىدراك قەدەم بېسىشقا قادىر بولالمايدىغان تىلسمات.

خۇددى ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ باشقا تەرەپلىرىدەك ئەپسانىۋى - مىستېتىك سان نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت قارىماققا ئايلىنىپ چىقىش تەس بولغان بۇ

سىرلىق قەسىردىنمۇ ئىنتايىن ئېنىق مەنىۋى نىشانلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ يەردە باغلانما تەسەۋۋۇر (ئاسسوتسىيە) خالىغانچە باشقۇرسىمۇ، يەنىلا ئاساسىي تەرەققىيات لىنىيىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىزمۇ سانىنىڭ مۇقەددەسلىشىش جەريانىنى بېكىتىپ بېرىدىغان، بۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ مۇقەددەسلىشىش جەريانىنى قارارلاشتۇرۇپ بېرىدىغان تىپىك يىپ ئۇچىنى بايقىيالايمىز. بىز سان ئۇقۇمىنىڭ تىل تەپەككۇردىكى تەرەققىياتىنى كۆزەتسەك، بىر يىپ ئۇچىنى بىلىشكە لايىق كېلىدىغان ئاساسقا ئىگە بولىمىز. بىز بۇ يەردە شۇنى كۆرۈپ يېتىمىزكى، سانلىق مىقدار مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى ۋە بەلگىلىرى كونكرېت ـ بىۋاستە كۆزىتىش ئاساسىدىن كەلگەن. ماكان ھەققىدىكى بىۋاستە كۆزىتىش، زامان ھەققىدىكى بىۋاستە كۆزىتىش ۋە «ئادەمنىڭ ئۆزى» ھەققىدىكى بىۋاستە كۆزىتىشلەرنىڭ ھەممىسى سان ئېڭى ۋە سان مەنىسىنىڭ تەرەققىي قىلىدىغان ئاساسلىق ساھە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ئەپسانىۋى سان ھادىسىلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بىر خىل ئوخشاشلىققا ئىگە قۇرۇلما مەۋجۇت. ئەگەر بىز ھەر خىل مۇقەددەس سانلارغا يوشۇرۇنغان ھېسسىي قىممەتنىڭ مەنبەسىنى ئىزدىمەكچى بولساق، شۇنى بايقايمىزكى، ئۇنىڭ ئاساسى دەل ئەپسانىۋى ماكان تۇيغۇسى، زامان تۇيغۇسى ياكى ئۆزلۈك ئېڭىدىكى ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت. ماكاننى ئالساق، ھەر قايسى دائىرە ۋە يۆنىلىشنىڭ ئۆزى ئەپسانىدە ناھايىتى مۇقىم دىنىي ئالاھىدىلىككە تويۇنغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئالاھىدىلىك بۇ يۆنىلىشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە، كىشىلەرنىڭ پەرىزىدە ئۇلار تەۋە بولغان ئاشۇ بىر پۈتۈن گەۋدىگە تايانغان بولىدۇ. شىمال، جەنۇب، شەرق، غەرب قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ئاساسىي قۇتۇبى دەپ قارالغان جايلاردا بۇنداق ئالاھىدە ئايرىۋاشلاش دۇنيا ۋە ئۇنىڭ جەريانىنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنىڭ ئەندىزىسى ھەم پروتوتىپىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا، 4 رەقىمى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدىكى مۇقەددەس سانغا ئايلانغان، چۈنكى، 4 رەقەمى ھەر بىر ئالاھىدە رېئاللىقنى ۋە ئالەمنىڭ تۆپ شەكلىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئەشۇنداق مۇناسىۋەتنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتىكى تۆت تەرەپلىك تۈزۈلمىنى ئىپادىلىگەن نەرسە مەيلى ئاللىبۇرۇن بىلىپ يېتىلگەن «رېئاللىق» تەرىپىدىن ھېسسىي كۆزىتىش كۆچىگە تېگىلغان نەرسە بولسۇن ياكى مەلۇم ئەپسانىۋى شەكىلدىكى ئۇنىۋېرسال تۇيغۇ تەرىپىدىن ساپ تۇقۇلما شەكىلدە بېكىتىلگەن نەرسە بولسۇن، بەرىبىر بۇلار ئىچكى سېھرىي يىپ بىلەن ئالاھىدە ماكانغا باغلانغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەپسانىۋى تەپەككۇر بۇ يەردىن ئۆزىنىڭ ۋاستىلىق كۆچۈشىنىلا كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى بىۋاستە سېزىمىنىڭ يارقىنلىقى ئارقىلىق قارشى تەرەپتىنمۇ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ: ئۇ ھەر بىر تۆت تەرەپلىمىلىكتىن ئالەمدىكى تۆت تەرەپلىمىلىكنىڭ ئومۇمىي شەكلىنى ئىگىلەيدۇ. بىز بۇنداق ئېتىقادلارغا ئىگە 4 رەقىمىنى يالغۇز شىمالىي ئامېرىكىدىكى دىنلاردىنلا ئەمەس، يەنە جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇرىدىنمۇ بايقىدۇق. جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا، پەسىل، رەڭ، ئېلېمېنت (تادۇ)، ھايۋانات تىپى، ئادەم ئورگانىزم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەرب، جەنۇب، شەرق، شىمال قۇتۇپلىرى بىلەن ماس كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ باغلىنىش ئارقىلىق بارلىق پەرقلەرنى مەلۇم بىر شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، تېخىمۇ مۇۋاپىقراق ئېيتقاندا، ئالاھىدە بىۋاستە كۆزىتىش دائىرىسىگە بېكىتىدۇ ھەم مۇقىملاشتۇرىدۇ. ⑥ بىز ئېروكىزلار ئارىسىدىن 4 رەقىمىنىڭ سىمۋول سىستېمىسىنى بايقىدۇق. ئوخشاشلا، ئۇ يەردە مۇقىم رەڭ، ئۆرپ ـ ئادەت، ئالاھىدە تەقدىرىي ھالەت، مەسىلەن، ئورۇشلاردىكى مەغلۇبىيەت، كېسەللىك ياكى ئۆلۈملەرنىڭ ھەر قايسىسى ئايرىم ـ ئايرىم قۇتۇپلارغا ئورۇنتۇلغان، ⑦ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئەپسانىۋى تەپەككۇر بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە قۇرۇلمىنى ئۆزىنى چۈشىنىش بىلەن، ئۇلارنى ئاز ـ تولا ئابستراكتسىيلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى، ئۇلارنى بىۋاستە شەكلى بويىچە كونكرېتلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا ئۇلارنى ھېسسىي ئوبراز سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھالىتى ئۇچۇندۇر. شۇڭا 4 رەقىمگە بولغان چوقۇنۇش چارمىخ (كرېست) بەلگىسىگە بولغان چوقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، كرېست بەلگىسىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن دىنىي بەلگىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بىز تۆت ئۇچلۇق كرېست (+) نىڭ دەسلەپكى شەكلى 卐 بەلگىسىدىن باشلاپ، خرىستىئان دىنىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنلىرىنى كرېست (+) ھەققىدىكى بىۋاستە كۆزىتىشكە سىڭدۈرگەن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دىئالېكتىكىسىغا قەدەر بولغان بارلىق دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ ئورتاق يۆزلىنىشىنى ئىزدەپ تاپالايمىز، ئوتتۇرا ئەسىردە كرېستنىڭ تۆت ئۇچى جەننەتنىڭ تۆت تەرىپىگە باراۋەر دەپ قارالغان. شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب قاتارلىق قۇتۇپلار خرىستىئان دىنىنىڭ دۇنيانى قۇتقۇزۇش رىسالىسىدىكى ئالاھىدە باسقۇچ دەپ قارالغان مەزگىللەردە كرېست ئالاھىدە ئېپتىدائىي ئالەم ۋە دىندىن ئىبارەت باش تېمىنىڭ قايتا ئىنكاسى بولغان ئىدى.

يۇقىرىقى 4 رەقەمگە بولغان چوقۇنۇشقا ئوخشاشلا 5 ۋە 7 گە بولغان چوقۇنۇشمۇ قۇتۇپلارغا بولغان چوقۇنۇشتىن تەرەققىي قىلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن: شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب قاتارلىق 4 قۇتۇپنى ئاساس قىلىپ، قەبىلىلەر دۇنيانىڭ مەركىزى دەل ئۆز قەبىلىسى ياكى ئىرقى بېكىتىۋالغان رايوندىن ئىبارەت دەپ قارىغان. ئۇستى بىلەن ئاستى، ئەرش بىلەن پەرشمۇ ئالاھىدە ئەپسانىۋى ـ دىنىي ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولغان. مەسىلەن، زۇنىسلارنىڭ ئىچىدە بۇ خىل ماكان ـ رەقەم باغلىنىشى ئۇلارنىڭ تەگداشسىز، نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەقلىي ۋە سوتسولوگىيىلىك دۇنياسىنى بېكىتىدىغان ئەشۇنداق 7 دەرىجىلىك شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان [8] . باشقا رايونلاردا 7 رەقەمنىڭ پىرىخونلۇق، ئەپسانىۋى مەنىسىمۇ ئاساسلىق كائىنات ھادىسىلىرى ۋە ئالەم ئۇقۇمىنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق بىر قاراپلا شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەپسانىۋى ماكان تۇيغۇسى بىلەن ئەپسانىۋى زامان تۇيغۇسى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتكەن، بۇ ئىككىسى بىرلىكتە ئەپسانىۋى سان ئۇقۇمىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەلۇمكى، ئەپسانىۋى زامان تۇيغۇسىنىڭ بىر ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دەل «ئوبيېكتىپ» ۋە «سۇبيېكتىپ» ئامىللارنى پەرقلەندۈرمەيلا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئامىللارنى ئۆزئارا بىرىكتۈرىدۇ. ئۆزگىرىشلەر بۇ يەردە ئوخشىمايدىغان ئىككى بۆلەك ئىچكى ۋە تاشقى بولۇپ پارچىلانمايدۇ، بۇ يەردە پەقەت ئالاھىدە «باسقۇچ تۇيغۇسى» لا بار، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل ئۈزۈلۈشچان تەسىراتتۇر. شۇڭا، ئەپسانىۋى زامان ئىزچىل تۈردە تەبىئەت جەريانلىرى ۋە ئىنسانىي تۇرمۇش ۋەقەلىرىدىكى ۋاقىتتىن ئىبارەت دەپ قارالدى. بۇ بىر خىل بىئولوگىيىلىك ئالەم زامان ۋاقىتىدۇر. [9] بۇ خىل ئىككى ياقلىما خۇسۇسىيەت ئەپسانىۋى سان ئۇقۇمىغا سىڭدۈرۈلىدۇ. ھەر بىر ئەپسانىۋى رەقەم مۇقىم بولغان مۇئەييەن ئوبيېكتىپ بىۋاسىتە كۆزىتىش ساھەسىگە تەۋەدۇر. ئۇ مۇشۇ ساھەگە يىلتىزلىنىپ ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا ئەسلىدە پەقەتلا ماددىيلىقنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان ئىنتايىن ئېنىق رىتىم بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئىچكى ھاياتىي كۈچ بىلەن تولغان. ئۇنىڭغا قوللانغان شەكىللەر قانچىلىك مۇناسىپسىز بولۇشىدىن، ئۇنىڭ ئەپسانىۋى ماكانىدىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل دەۋرىيلىك بارلىق ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئالەم جەريانىنىڭ بۇ خىل ئومۇمىي دەۋرىيلىكى ئاساسەن ئاينىڭ دەۋرلىنىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئاي ـ بۇ ئاتالغۇ كۆپ ساندىكى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە ھام، سام تىللىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ھەر قانداق يەردە زاماننىڭ ھەقىقىي بۆلگۈچىسى ۋە ئۆلچىگۈچىسى بولۇپ كەلگەن، ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، چۈنكى، تەبىئەت ۋە ئادەمزات ئىچىدىكى بارلىق ئۆزگىرىش مۇئەييەن شەكىلدە ئاي بىلەن ماس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ باشلىنىش سەۋەبى دەل ئۇلارنىڭ خاراكتېر يىلتىزى بولغان ئايدىن كېلىپ چىققان. مۇشۇنداق ئىپتىدائىي ئەپسانىۋى بىۋاسىتە كۆزىتىش ھەتتا يېقىنقى زامان بىئولوگىيە نەزەرىيىسىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ، ۋاھالەنكى، 7 رەقەمى ھاياتلىق ھۆكۈمرانىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىغا ئېرىشىدۇ. كېيىنكى گرېك ـ رىم مۇنەججىملىكى دەۋرىگە كەلگەندە 7 گە بولغان چوقۇنۇش يەتتە پىلانېتقا بولغان چوقۇنۇش بىلەن بىرلەشكەن. دەسلەپتە، 7 كۈنلۈك دەۋر بىلەن 7 كۈنلۈك ھەپتە بۇ خىل مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولماستىن، بەلكى تەبىئىي ھالدا، ھەتتا ئۈزلۈكسىز ھالدا بۆلۈنگەن: بىر ئايدىكى 28 كۈن4كە بۆلۈنگەن. 7رەقەمنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى «تاكاممۇل سان» ، «تولغان» ۋە «پۈتۈن» سان دەپ قاراشتىكى ئاساس ئىنتايىن روشەن كۆزىتىش دائىرىسى بولۇپ ئىسپاتلاندى. پەقەت مۇشۇ ئاساسلا ئەپسانىدىكى «قۇرۇلما» خاراكتېرلىك تۈپ تەپەككۇرنىڭ شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ تىنىمسىز كېڭىيىپ، مەۋجۇدىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىلا مەزكۇر ئۆزىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايدۇ. مەسىلەن، بىز دەل مۇشۇ مەنىنىڭ ئۆزىدىن بايقايمىزكى، ھىپپوكراتنىڭ 7 رەقەمى توغرىسىدىكى كىتابىدا، 7 رەقەمى ئالەملىك قۇرۇلمىنىڭ رېئال تەركىبىي قىسمى قىلىنغان، ئۇ ئالەمنىڭ يەتتە قاتلىمىدا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئايلىنىدۇ، ئۇ شامال، پەسىل ۋە ئۆمۈرنىڭ چېكىنى بېكىتىدۇ. ئادەم ئورگانىزمىنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى ۋە ئادەمنىڭ روھىي ئورگانلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى 7 رەقەمگە باغلىق. 7 رەقەمنىڭ «ھاياتىي كۈچى» گە بولغان خۇراپىيلىق قەدىمقى گرېك تېبابىتىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان تېبابىتىگە يېتىپ كەلگەن؛ ھەر بىر 7 ـ يىلى بۇرۇلۇش يىلى دەپ قارالغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى ھاياتلىق سۈيىنىڭ ئايرىلىشى ۋە بەدەن، مىجەز جەھەتتىكى ھالقىلىق بۇرۇلۇشتۇر.

بىز تەكشۈرۈپ ئۆتكەن مىساللارنىڭ ئىچىدە،

www.uyghurkitap.com



گەرچە ئوبيېكتىپ بىۋاستە كۆزىتىشنىڭ مۇقىم دائىرىسى مۇئەييەن سانلارنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن رەقەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ تىل ئىپادىلەش شەكلىگە بولغان قىسقىچە تەكشۈرۈش بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ ئامىل بىردىن بىر بەلگىلىگۈچى ئامىل ئەمەس، سان ئېگى پەقەت تاشقى شەيئى ۋە جەريانلارنى ھېس قىلىش ئارقىلىقلا پىششىپ يېتىلگەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ پۇختا ئاساسىنى شەخسىي سۇبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتىن، مەن، سەن، ئۇ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەيدا قىلغان ماھىيەتلىك پەرقتىن ئىزدەش كېرەك. تىلدا قوش سانلىق سۆز ۋە ئۈچ سانلىق سۆزلەر ھەمدە «سىغىمچان» مۇرەككەپ سان شەكلى بىلەن «يەكلىمچان» مۇرەككەپ سان شەكلى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، 2 رەقىمى بىلەن 3 رەقىمى بۇ دائىرىگە تەۋە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇر ساھەسىدىكى تەكشۈرۈشلىرىمىز بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوسنا 3 رەقىمى توغرىسىدىكى ئەسىرىدە ئەپسانىۋى رەقەملەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزماقچى بولغان ئىدى. ئۇ ئىككى خىل تىپىك سانىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بىرى زامان ھەققىدىكى بىۋاستە كۆزىتىش بىلەن زاماننىڭ تۈزۈلۈشىدىن كېلىپ چىققان، يەنە بىرى ئوخشىمايدىغان مەنبەگە ئىگە 2 بىلەن 3 دەل مۇشۇنىڭغا تەۋە، ئۇنىڭ پەرىزىچە، ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىرىدە 3 رەقىمى رەقەملەر سىستېمىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى تۈزىدۇ، بۇ ئارقىلىق تاكامۇل مۇتلەق گەۋدىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولىدۇ، ئۇ مۇشۇ پەرەز ئارقىلىق ساندىكى مۇقەددەسلىك ۋە ساندىكى خاس ئەپسانىۋى خۇسۇسىيەتنى داۋاملىق شەرھلىدى، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ نەزەرىيەگە قاتتىق رەدىيە بەرگىلى بولىدۇ، چۈنكى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ نەزەرىيە بېكىتكەن 3 ئۇقۇمى بىلەن چەكسىزلىك ئۇقۇمىنىڭ مۇناسىۋىتى نوقۇل ھالدا مەنتىقى ھەم دىئالېكتىك بولۇپ قالغان، بىراق، ئىككى خىل تىپلىق مۇقەددەس سانلارنىڭ كەلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنىۋى كېلىپ چىقىشى، دىن كېلىپ چىقىشىغا بولغان ئىزاھلىرى يەنىلا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ 3 رەقىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىنىي قاراشلار تارىخى كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىنتايىن پىشقان دىنىي دىئالېكتىكىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېرىشىلگەن ساپ «ئەقلىي» مەنىلەر پەقەت بىر خىل «ساددا» دەپ تەرىپلەشكە بولىدىغان ئۆزگىچە مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان نەتىجە. دىنىي پەلسەپىلەر مۇقەددەس ئۈچى بىر گەۋدە سىرىغا بېرىلىپ كەتتى، ئۇلار مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس پەرزەنت ۋە مۇقەددەس روھلاردىن ئىبارەت ئۈچ مۇقەددەس ئامىلنى بىر گەۋدىگە كەلتۈردى. ئەمما، دىن تارىخى كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بۇنداق ئۈچى بىر گەۋدە ھالەتنىڭ ئۆزى ئەڭ باشتا ئىنتايىن كونكرېت شەكىلدە چۈشىنىلگەن ۋە ھېس قىلىنغان، ئۇ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى ئېنىق بولغان «تەبىئىي» شەكلىنى ئىپادىلەپ بەردى. مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس پەرزەنت ۋە مۇقەددەس روھنىڭ دىئالېكتىك ئۈچى بىر گەۋدىلىكىدىن ئاتا، ئانا ۋە پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچ بىرلىكنى ئوڭايلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇقەددەس ئۈچ بىرلىكنىڭ ساملار دىنىدىن نامايان بولغان شەكلىدىن بۇ خىل ئاساسىي كۆزىتىشنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ساننىڭ تىلسىملىق سېھرى كۈچىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇلار ساننى مەنىۋىيەت ساھەسى ۋە ئىنسانىي ئۆزلۈك ئېگى قۇرۇلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر خىل ئاڭ كۈچىنى تور ھالىتىدە بىرلەشتۈرىدىغان بىر خىل ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ تۇيغۇ، بىۋاستە تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات قاتارلىقلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. سان كۆپ خىل ئارىلاشما ئامىللارنىڭ بىرلىكى، ماسلاشمايدىغان ئامىللار ئارىسىدىكى بىردەكلىك، ئۇ بىر سىرلىق ۋاستە، بۇ ۋاستە ھەممە نەرسىنى گىرەلەشتۈردى دېگەندىن كۆرە، نەرسىلەرنى روھ بىلەن ماسلاشتۇردى دېگەن تۈزۈك.

(خەنزۇچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەپسانىۋى تەپەككۇر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

**ئىزاھاتلار:**


① دېلىس تۈزگەن: «خىرولو ۋەسىقىلىرى»
② «ئېينىشتېين نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»
③ رۋى. برول: «ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرى»
④ J. W. ماككېن: «ئىپتىدائىي سان»
⑤ دېلىس تۈزگەن: «خىرولو ۋەسىقىلىرى»
⑥ د.گروت: «جۇڭگو دىن سىستېمىسى»
⑦ جامۇس موننىپ: « ئېروكىزلارنىڭ مۇراسىملىرى»
⑧ كۇسن: «ژۇنېسلارنىڭ يارىلىش ئەپسانىسى»


مۇھەررىرى: **يۇسۇپ ئىسھاق**

# كىم ھەقىقىي ئەركەك؟

**شۇخەيۋيى**

چەت ئەلدىكى مەلۇم بىر شەھەر باشلىقى ئۆزىگە بىر ياردەمچى تەكلىپ قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ شەرتى: تەكلىپ قىلىنىدىغان ياردەمچى جەزمەن ئەر بولۇشى، ئەر بولغاندىمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەر بولۇشى كېرەك ئىكەن.

كۆپ قېتىملىق تاللاش نەتىجىسىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. ئىمتىھان كۈنى ئۇلار بىر شىركەتنىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ، نۆۋەت بىلەن ئىمتىھانغا قاتناشتى، ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلدە شەھەر باشلىقى بىۋاسىتە ئۆزى تۇراتتى.

تۇنجى ئادەم ئىشخانىغا كىردى. ئۇ چاچلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان، بوي - بەستى تولىمۇ قاملاشقان بىر كىشى ئىدى. شەھەر باشلىقى ئۇنى ئالاھىدە ياسالغان بىر ئۆيگە باشلاپ كەلدى. بۇ ئۆينىڭ ئىچىگە ئەينەك سۇنۇقلىرى چېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۆتكۈر ئەينەك پارچىلىرىغا قارىغان كىشىنىڭ دىلىنى قورقۇنۇچ بېسىپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

— ئايىغىڭىزنى سېلىپ، ئۆيدىكى تىزىملاش جەدۋىلىنى ئېلىپ چىقىپ تولدۇرۇڭ! — دېدى شەھەر باشلىقى سوغۇق قىياپەتتە.

ئۇ كىشى ئىككىلەنمەيلا ئايىغىنى سالدى - دە، ئۆتكۈر ئەينەك پارچىلىرى ئۈستىدىن بىمالال مېڭىپ جەدۋەلنى ئېلىپ چىقتى ۋە تولدۇرۇپ شەھەر باشلىقىغا بەردى. ئۇ پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ، شەھەر باشلىقىغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ئاۋۇ يەرگە بېرىپ ساقلاڭ، — دېدى شەھەر باشلىقى بىر زالنى كۆرسىتىپ. ھېلىقى كىشى ئىنتايىن ھاياجانلاندى.

شەھەر باشلىقى ئىككىنچى ئەرنى ئىشكى تاقاقلىق ئالاھىدە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— بۇ ئۆيدىكى ئۈستەلدە بىر جەدۋەل بار، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ تولدۇرۇپ ماڭا بېرىڭ، — دېدى شەھەر باشلىقى. ئۇ كىشى ئىشىكنى ئىتتىرىپ كۆردى.

— بېشىڭىز بىلەن ئۇسسۇپ ئېچىڭ! — دېدى شەھەر باشلىقى بۇيرۇق بىلەن.

ئۇ ئىشىككە ئۇسسۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ باش - كۆزى قانغا بويالغاندا ئاندىن ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ جەدۋەلنى ئېلىپ چىقىپ تولدۇرۇپ، شەھەر باشلىقىغا سۇندى.

— زالغا بېرىپ ساقلاڭ، — دېدى شەھەر باشلىقى. ئۇ كىشى ئىنتايىن خۇشال بولدى.

شۇنداق قىلىپ ساغلام، سالاپەتلىك بىر نەچچە ئەر ئۆز ئىرادىسى ۋە جاسارىتى بىلەن ئەرلىكىنى ئىسپاتلىدى. شەھەر باشلىقى ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەرنى ھېلىقى ئىشخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى - دە، ئۆيدىكى ياشانغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنىڭ قولىدا بىر جەدۋەل بار، ئۇنى ئېلىپ تولدۇرۇپ ماڭا بېرىڭ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا، — ئۇ ئاسانلىقچە بەرمەيدۇ. شۇڭا سىز ئۇنى پولاتتەك مۇشتىڭىز بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىڭ، — دېدى.

ئۇ ئۆتكۈر نەزىرى شەھەر باشلىقىغا تىكىلىپ:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ — دېدى.

— سەۋەبىنى سورىماڭ، بۇ دېگەن بۇيرۇق!

— سىز ساراڭ بولۇپ قاپسىز، — دېدى ئەر، — مەن نېمىشقا ئۇنى ئۇرغۇدەكمەن؟ يەنە كېلىپ ئۇ دېگەن ئاجىز بىر بوۋاي تۇرسا!

شەھەر باشلىقى ئۇنى ئەينەك سۇنۇقى بار ئۆيگە ۋە ئىشكى ئېتىكلىك ئۆيگە باشلاپ ئەكەلدى، بىراق، ھەر قېتىم ئوخشاشلا رەت قىلىنىشقا ئۇچرىدى. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭغا ئاپچىقلاندى. دەرغەزەپ بولغان ئەر ئارقىغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، شەھەر باشلىقى ئۇنى توختىتىۋالدى ۋە ئىمتىھانغا قاتناشقان

ھەممە كىشىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئەرنىڭ تاللانغانلىقىنى جاكارلىدى. بىرەرمۇ ساق يېرى قالمىغان ئەرلەر تاللانغۇچىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى ۋە تاللانغۇچىنىڭ ئۈستىبېشىدا ھېچقانداق يارا ئىزىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، نارازىلىق بىلەن:

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراشتى.

— سىلەردىن بىرىڭلارنىمۇ ھەقىقىي ئەركەك دېگىلى بولمايدىكەن، — دېدى شەھەر باشلىقى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ھەممىسى بىردەك.

— ھەقىقىي ئەركەك ھەققانىيەت ۋە ھەقىقەت يولىدا ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ بۇيرۇقىلا ئىتائەت قىلىدىغان، ئەرزىمەس قۇربان بېرىدىغانلاردىن بولماسلىقى كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى شەھەر باشلىقى.

# ئەقىل ۋە ئۇنىڭ قەدىناسلىرى

## لىن چىڭشيەن

ئەقىل - پاراسەت، بايلىق ۋە بەخت تەگرىلىرى ناھايىتى قەدىناس دوستلاردىن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار كىمنىڭ كارامىتى ئەڭ يۇقىرى، دېگەن مەسىلىدە دەتالاش قىلىشىپ قاپتۇ.

— ئەلۋەتتە مەن ئەڭ مۇھىم، — دەپتۇ بەخت تەگرىسى، — ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئەقلى دېڭىزدەك، بايلىقى تاغدەك بولسىمۇ، لېكىن غەم - قايغۇدا بىر كۈنمۇ بەختلىك ياشىيالمىسا، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

— ئەگەر ئادەملەرنىڭ يوقسۇللۇقتىن بىر كاپام تاماق يېيىشكىمۇ قۇربى يەتمىسە، پەقەت ئەقىللا بولغاندا، بەختنى نەدىن تاپقىلى بولسۇن؟ ئەلۋەتتە مەن ئەڭ مۇھىم! — دەپتۇ بايلىق تەگرىسى.

— ھەر ئىككىڭلار ئوخشاشلا مۇھىم، — دەپتۇ ئەقىل تەگرىسى، — لېكىن بىر كىشىنىڭ ئۆيدىكى بايلىقى يېتىپ ئاشقۇدەك بولسا، ئاپەت ۋە قىيىنچىلىق بولمىسا، لېكىن ئۇ ناھايىتى پەمسىز، ئەخمەق بولسا، ئۇنىڭ ھالى دائىم ئۇگۇشسىزلىقتا ئۇچراپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ، شۇڭا يەنىلا مەن ئەڭ مۇھىم.

ئۇلار ھەممىسى ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ - دە، تۇساتتىن يەر تېرىۋاتقان بىر دېھقاننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

— بۇ كىشىنى سىناق قىلىپ، كىمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىگىنى كۆرمەيمىزمۇ؟ — دەپتۇ بايلىق تەگرىسى. ئۇ شۇنداق دەپلا دېھقاننىڭ ساپىنىغا قارىتىپ، بىرقول شىلتىغان ئىكەن، ساپان چوڭ بىر ئىدىشقا تاقىشىپتۇ، ئىدىشقا لىققىدە ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىراتلار قاچىلانغان ئىكەن. زور بايلىققا ئۇشتۇمتۇت ئېرىشىپ قالغان دېھقان نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. «مەن ئۇشتۇمتۇت شۇنچە زور بايلىققا ئېرىشتىم، مۇبادا ئۆيگە قايتسام، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم جەزمەن سۈرۈشتە قىلىدۇ، گۇمانلىنىدۇ. شۇڭا بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، باشقا يۇرتقا بېرىپ ئولتۇراقلىشاي» دەپ ئويلاپتۇ دېھقان. دېھقان ساپاننى تاشلاپ، ئالتۇن، جاۋاھىراتلارنى ئېلىپ، توختىماي يول يۈرۈپ باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ.

ئۇشتۇمتۇت زور بايلىققا ئېرىشىپ قالغان بۇ دېھقاننىڭ كۈنلىرى ئانچە خۇشال ئۆتمەپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نە ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرى، نە سىردىشىدىغان ئادىمى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ئىچى پۇشقان ھالدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىكەن.

— قارىماسىلەر، بايلىق ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلا ياخشىيالمىدى، قېنى مەن سىناپ باقاي، — دەپتۇ بەخت تەگرىسى ۋە قولىنى بىرلا شىلتىغان ئىكەن، تەگداشسىز بىر ساھىبجامال دېھقاننىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. دېھقاننىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقتا قالغان كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ - دە، سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، ساھىبجامال قىزغا ئەگىشىپ چوڭ بىر قورۇغا كىرىپ كەتكۈچە مېڭىپتۇ.

دېھقاننىڭ قەلبىدە بەختكە بولغان تەشنالىق يالقۇنلاشقا باشلاپتۇ - دە، دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ قىزغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى يەتكۈزۈپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى دېھقاننىڭ ياۋاش، ئىشەنچلىك، يەنە كېلىپ نۇرغۇن بايلىقى بارلىقىنى كۆرۈپ توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

بىراق، ئۇلار توي ئىشىنى تالاش - تارتىش قىلغاندا، دېھقان ھەمىشە ھاڭۋېقىپ قېلىپ يا كۈلمەيدىكەن ھەم گەپمۇ قىلمايدىكەن.

قىزنىڭ دادىسى توي زىياپىتىدە «بۇ كىشى پۇلدار بولسىمۇ بىر ئەخمەق ئىكەن، قىزىمغا كۆڭۈلدىكىدەك جۆرە بولالمىغۇدەك. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مال - مۈلكىنى تارتىۋالاي - دە، ئەقىللىقراق بىرەر يىگىتنى تېپىپ كۈيئوغۇل قىلىۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا بايلىق تەڭرىسى ھېچ قانداق ئامال قىلالماپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بايلىق پەقەت دېھقاننىڭ ئۆلۈمىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينايدىكەن. بۇ ۋاقىتتا بەخت تەڭرىسىمۇ چارىسىز قاپتۇ. چۈنكى ئەخمەق كىشىنىڭ بايلىقى ئۆزىگە ئاپەت، باشقىلارغا بەخت - ئامەت ئېلىپ كېلىدىكەن.

ئۇلار ئىككىسى ئەقىل تەڭرىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرەپ بېرىپ، بىچارە دېھقاننى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەقىل تەڭرىسى قوشۇلۇپتۇ ۋە دېھقانغا قاراپ قولىنى شىلتىپ ئۇنىڭغا كۆپلەپ ئەقىل ئاتا قىپتۇ.

زىياپەتتە ئولتۇرغان دېھقاننىڭ كۆز قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ كېتىپتۇ - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قەدىرلىك مېھمانلار، مۆھتەرەم قېيناتا، قېينانا، گېپىمگە قۇلاق سالغايسىزلەر، — دەپتۇ.

كۆپچىلىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېھقاننىڭ سالماق ۋە سىپايە سۆزلەۋاتقىنىنى، سۆزلىرىدىن مەردانىلىق چىقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزىرىدە قاراشقا باشلاپتۇ.

— مەن خوتۇنۇمنى تۇنجى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە چىۋەر، پەزىلەتلىك ئاياللارغا خاس مىجەزىگە ئاشىق بولغانىدىم ھەم بۇ قىزنى چوقۇم تولىمۇ پەزىلەتلىك ئاتا - ئانا تەربىيىلىگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم. نەچچە كۈنلۈك كۆزىتىشتىن شۇنى بىلدىمكى، قېيناتام - قېينانام ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق ياخشى قىزنى تەربىيىلەپ چىققىنىغا تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن مەن بايلىقىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىمەن ھەمدە خوتۇنۇمنى ئېلىپ يۇرتۇمغا كېتىمەن، — دەپتۇ دېھقان تەمكىنلىك بىلەن.

دېھقان قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن خوتۇنىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەقىللىق بولغاچقا ئۇزاق ئۆتمەي يەنە نۇرغۇن بايلىقلارغا ئېرىشىپ كۈنلىرىنى بەختلىك، خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ.

# تۇنجى ئىتنىڭ رىۋايىتى

**يىن چۈەنشىڭ**

دۇنيادا ئىتلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ. يېزا - قىشلاقلاردا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ھويلا - ئاراملاردىن خەۋەر ئالىدىغان ئىتلار، شەھەرلەردە كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان پىستىلەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىگىسىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن جان - پىدا قىلىدىغان ئوۋ ئىتلىرىمۇ بولىدۇ.

كىشىلەر دائىم ئىت بىلەن بۆرىنى بىر نەسىلدىن، ئىت بۆرىدىن ئۆزگەرگەن، دېيىشىدۇ. بۇ يىرتقۇچ مەخلۇق قانداق بولۇپ ئىتقا ئۆزگىرىپ قالغاندۇ؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر دانىشمەن دېھقان بۆرىنى كۆندۈرۈپ، ئىتقا ئايلاندۇرغانمىش.

دانىشمەن دېھقان تۈرلۈك دورىلىق ئوت - چۆپلەرنى يىغىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ھەمىشە بۆرىلەر ماكان تۇتقان ئورمانلاردا يۈرۈيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بۆرىنى تۇتۇپ كۆندۈرسەم، ئورمانلارغا بىخەتەر كىرىپ چىققىلى بولار، دېگەن خىيالغا كەپتۇ. شۇ يىلى قىشتا ئارقان بىلەن سىرتماق ياساپ بىر بۆلتۈرۈكنى (ئەركەك بۆرە كۈچۈكى) تۇتۇۋاپتۇ. بۇ بۆلتۈرۈك باغلاقلىق تۇرسىمۇ، بىراق تۇغمىشىدىن قالغان يىرتقۇچلۇقى، بۆرىلەرگە خاس قورقۇمسىزلىقى بىلىنىپ تۇرىدىكەن.

دانىشمەن دېھقان بۆلتۈرۈكنى ئۇرۇپتۇ - ئۇرۇپتۇ، بۆلتۈرۈك ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈرگە سولاپ قويۇپتۇ ۋە تاش تۈۋرۈكلەر بىلەن ئۆڭكۈر ئاغزىنى توسۇپ قويۇپتۇ، بۆلتۈرۈك ھوشىغا كېلىپ دەھشەتلىك

www.uyghurkitap.com



ھۇۋلاپ توساقنى چىشلەپ تارتىشقا باشلاپتۇ، توساق ئادەم يوتىسىدەك تاشلار بىلەن ياسالغاچقا، بۆلتۈرۈك ئۇنى ھەر قانچە چىشلەپمۇ ھېچ نېمە قىلالماپتۇ.

بۆلتۈرۈكنىڭ چىشلىرى سۇنۇپ، تومشۇقى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ. قاتتىق ئېچىرقاش ئۇنى ھالــدىن كەتكۈزۈپتۇ ـ دە، تاشلارنى چىشلەش، غاجىلاشلاردىن توختاپتۇ، شۇ چاغدا دانىشمەن دېھقان بىر پارچە قوي گۆشىنى ئۆتكۈر سىرتىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. بۆلتۈرۈك گۆشكە قاراپمۇ قويماستىن ھۇۋلاپ، دانىشمەن دېھقانغا ئېتىلىپتۇ. بىراق ھەر قېتىم تاش توساقلارغا ئۇرۇلۇپ ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويىلىپتۇ.

بۆلتۈرۈك ھۇۋلاۋېرىپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كېتىپتۇ، پۈتۈن بەدىنى يارىلىنىپ بارغانسېرى ھالسىراشقا باشلاپتۇ. دانىشمەن دېھقان گۆشنى توساق تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپتۇ، بۆلتۈرۈك بىر ئاز قېرىشــلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىكەن، بىراق ئۇ قاراپمۇ قويماستىن دېھقانغا خىرىس قىپتۇ. ئاخىرى زادىلا ماغدۇرى قالمىغان بۆلتۈرۈك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆلگەندەك يېتىپتۇ. بۇ چاغدا دانىشمەن دېھقان قولىغا كالتەك ئېلىپ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يارىلــرىغا نوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۆتكۈر ناھايىتى كىچىــك بولۇپ، پاناھلانغۇدەك جاي يوق ئىكەن. كۆزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان بۆلتۈرۈك غەزەپ بىلەن كالتەكنى چىڭ چىشلەپ قويۇپ بەرمەپتۇ. دانىشمەن دېھقان باشقا بىر كالتەك بىلەن ئۇنى داۋاملىق نوقۇپ ئارام بەرمەپتۇ. بۆلتۈرۈك بولسا، ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا غىڭشىپ، خىرقــراشقا باشلاپتۇ. كېچىدە دانىشمەن دېھقان ئۆتكۈر ئەتراپىغا گۈلخان يېقىپتۇ. غەربىي شىمال شاملى ئۆتكۈرگە قار ئۇچقۇنلىرىنى دۈۋىلەپ قويغانىكەن. بۆلتۈرۈك تۇگۈلۈپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قاپتۇ ـ دە، تۈگىلىشىدىن غال ـ غال تىترەپتۇ، دانىشمەن دېھقان ئۆيىگە كېتىپتۇ ۋە ئورنىغا باشقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا بۆلتۈرۈكنى توختىــماي نوقۇپ ئۇخلاتماسلىقنى جېكىلەپتۇ...

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۆلتۈرۈك ماغدۇرىدىن كېتىپلا قالماستىن، بەلكى ياۋايىلىقىنىمۇ قاپتۇ.

بىر زىمىستان كېچىسى، بىر يىلپىز ھۇۋلىغان پېتى ئۆتكۈرگە يېقىنلىشىپتۇ، يىلپىز ئەسلىدە بۆرىنىــڭ كۈشەندىسى ئىكەن. تىنىقى ئۈزۈلەي دېگەن بۆلتۈرۈك

كۆزلىرىنى ئەستە ئېچىپ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان يىلپىزنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ. ئۇ ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى دېھقانغا تىــكىــپ، يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. بۇ ھال دېھقاننى تولىمۇ خۇش قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ كالتەكنى يىلپىزغا شىلتىپ ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن دېھقان ئۇۋچىلارغا يىلپىز تېرىسىنى يېپىندۇرۇپ، ئەتەي شۇنداق قىلغانىكەن.

بۆلتۈرۈك دانىشمەن دېھقانغا قايىــل بوپتۇ ھەم ئۇنىڭدىن قورقۇپتۇ، دانىشمەن دېھقان بۆلتۈرۈكنىــڭ ئىتائەتمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، توساقنى ئېچىپ بىر چىشلەم گۆشنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويۇپتۇ. بۆلتۈرۈك بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتىپ، دانىشمەن دېھقانغا تىكىلىپ تېخىمۇ كۆپرەك گۆش بېرىشنى كۈتۈپتۇ. دانىشمەن دېھقان ئىككىنچى پارچە گۆشنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سىلىپ قويۇپ، ئاستا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ، بۆلتۈرۈك گۆشنى يېگەچ بېشىنــى كۆتۈرۈپ دېھقاننىڭ سىلاشلىرىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

بۆلتۈرۈك ئاستا ـ ئاستا ماغدۇرغا كېلىشكە باشلاپتۇ ۋە دەلدەگشىپ ماڭغۇدەك بوپتۇ، بىراق ئۇنىڭدىكــى ئۆغمىشىدىن قالغان قەيسەر، قورقۇمســىز، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى، ياۋۇزلۇقى، مەردانە، سۈرلۈك قىياپىتى بىلەن جاھاننى زىل ـ زىلگە سالىدىغان ھۇۋلاشلىرى ۋە چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆز نۇرىدىن ئــەســەرمۇ قالماپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئىشى ياخشىلىق كۈتۈش، دانىشمەن دېھقانغا بىچارىلەرچە قۇيرۇق شىپاڭلىتىش بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆكتەم، قەيسەر، ئەركىن بىر روھ ـــ ئورماننى بېشىغا كىيىدىغان كارامەت ئىگىسى غايىــب بولۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، ئادەملەرنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشكە رازى بولــدىغان مەخلۇق پەيدا بوپتۇ. دۇنيادىكى تۇنجى ئىت مانا مۇشۇنداق كۆندۈرۈلگەنىكەن.

دانىشمەن دېھقان يۇقىرىقى چارە بىلەن يەنە بىر ئۇرغاچى بۆرىنى كۆندۈرۈپتۇ. ئەركىكى بىلەن ئۇرغاچىسى جۈپلىشىپ كۈچۈكلەپتۇ، ئــت ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

# تەگرى بىلەن ئاقىل

## ليۇكۇنلى

تەگرى ئاقىلنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ.

— قانداق نەرسە ئەڭ ئاچ كۆز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاقىل تەگرىدىن.

— چىلبۆرە، يولۋاس، يىلپىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەگرى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئادەم ئاچ كۆز بولغاچقا خىيانەتچى ئەمەلدارلار ۋە بۇزۇق كىشىلەر چىققان، — دەپتۇ ئاقىل.

تەگرى بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ. بۇ چاغدا چۆللۈكتە ئۈچ كىشى كېلىۋاتقانىكەن.

— ماڭا ئۈچ خىل نەرسە بېرىڭ تەگرىم، بىر ساندۇق جاۋاھىرات، بىر مىلتىق ۋە بىر شىشە سۇ بولسۇن، قالغىنىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ ئاقىل. تەگرى ماقۇل بوپتۇ. چۆلدە كېتىۋاتقانلاردىن بىرسى سىمىز، بىرسى ئورۇق، بىرسى ئېگىز كىشى ئىكەن. ئۇلار جان – جىگەر دوستلاردىن بولۇپ، يولدىن ئېزىپ كېتىپ چۆلدە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا بىر ساندۇق جاۋاھىر، بىر مىلتىق ۋە بىر شىشە سۇنى ئۇچرىتىپتۇ – دە، كۆچىنىڭ بېرىچە تالىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر سىمىز جاۋاھىرغا، ئورۇق سۇغا، ئېگىز مىلتىققا ئېرىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر خىل خىياللارنى كۆڭلىگە پۈكۈشۈپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— مەن ئۇسساپ بولالمايۋاتىمەن، سۇدىن بىر ئاز ئىچەيلىچۇ، — دەپتۇ سىمىز.

— جاۋاھىراتلارغا ئالماشتۇرايلى، — دەپتۇ ئورۇق. سىمىز ماقۇل بولماپتۇ.

— ئاغزىم قۇرۇپ ئۆلەي دېدىم، سۇدىن بىر ئاز ئىچىۋالايچۇ، — دەپتۇ ئېگىزمۇ.

— مىلتىققا ئالماشتۇرمىساڭ بەرمەيمەن، — دەپتۇ ئورۇق.

شۇنىڭ بىلەن سىمىز بىلەن ئېگىز بىرلىشىپ ئورۇقنى ئۆلتۈرمەكچى، جاۋاھىر ۋە سۇنى تەڭ بۆلۈشمەكچى بوپتۇ.

ئېگىز ئورۇقنىڭ ئارقىسىدىن بىر پاي ئوق ئېتىپ، ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ – دە، سۇنى ئېلىۋاپتۇ. كېيىن ئىككىسى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— بەك ئۇسساپ كەتتىم. سۆيۈگىدىن بىر ئاز بەرگىنە، — دەپتۇ سىمىز.

— پەقەت بولالمىغاندا، ئاندىن ئىچىمىز، — دەپتۇ ئېگىز.

— نېمىشقا ماڭىمۇ ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سىمىز.

ئەمەلىيەتتە ئېگىز ئالتۇن – جاۋاھىراتقا قانداق ئېرىشىشنى خىيال قىلىۋاتقانىكەن.

— ئۇنداقتا سۇيۇمگە جاۋاھىراتلارنى ئالماشتۇرايلى، ماقۇلمۇ؟

— بىز قېرىنداش بولساقمۇ ئادەملىكىڭنى ئاخىرى كۆرۈپ يەتتىم، بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىمىز ئايرىلىپ ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى. بۇ جاۋاھىراتنى ساڭا بېرەي، سۆيۈگىنىمۇ ئۆزۈڭ ئىچىۋال، — دەپتۇ سىمىز ھەممە جاۋاھىراتلارنى ساندۇق بىلەن ئېگىزنىڭ ئالدىغا تاشلاپ: — بىراق مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، مەن بەك قورقۇنچاق، تەنھا يۈرسەم خاتىرجەم بولالمايمەن. شۇڭا مىلتىقنى ماڭا بەرسەڭ قانداق؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئېگىز.

— بىرىمىز مەشرىققە، بىرىمىز مەغرىبكە ماڭايلى، — دەپتۇ سىمىز.

ئېگىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇشى بىلەنلا ئوق ئاۋازى ياڭراپ، ئۇنىڭ بېشىدىن قان ئېقىشقا باشلاپتۇ.

— سەن نېمە دېگەن تاش يۈرەك! — دەپلا جان ئۈزۈپتۇ ئېگىز.

سىمىز تەلۋىلەرچە كۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر شىشە زەھەرلىك سۇ بولۇپ، سىمىز ئۇنى ئىچىپلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.

— كۆرۈۋاتامسىز، — دەپتۇ ئاقىل تەگرىگە، — كىشىلەر ئاچ كۆزلىكىدىن ھەممىشە بارسا كەلمەس يولغا كېتىپ قالىدۇ.

— مەن ئادەمنى ياراتقىنىم بىلەن ئۇنى چۈشەنمەيدىكەنمەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ تەگرى.

**داۋۇت ئادىل** تەرجىمىسى (خونەن يېزا ئىگىلىك نېخنىكوم)

مۇھەررىرى: **ئەسقەر مەخسۇت**

# تىل ئىستېمالى ھەققىدە

**پەرىدە ئىمىن**

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىدىغان روجەك، تەپەككۇر دۇنياسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. ئۇ مىللەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىر مىللەت ساپاسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگە ۋە قىممەتلىك بايلىق.

تارىختىن بۇيان ھەر قانداق بىر مىللەت تىلدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخى ئۆز تەرەققىياتىدا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

تىل توغرىلىق بىز ئاڭلىغان تەبىر، تەرىپ ۋە تەۋسىيىلەر بەكمۇ نۇرغۇن. شائىر سوپى ئاللايارنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى تىلنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تەسىرىنى ناھايىتى ئىخچام چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

«سۆچۈك تىلدۇر ئەجەب گەنجى مۇئەززەم،
ئەتا قىلغان بىلە ھېچ بولماغاي كەم.
سۆچۈك لەفزى بىلەن مۇرى خىرەدمەند،
سالۇر زور ئەجدىھانىڭ ئاغزىغە بەند»
(شېرىن سۆز ئىنتايىن زور بايلىقتۇر،
ئۇنى بىراۋغا بەرگەنگە ھەرگىز كېمىيىپ قالمايدۇ.
ئەقىللىق چۈمۈلە ئۆزىنىڭ شېرىن تىلى بىلەن،
ھەيۋەتلىك ئەجدىھانىڭمۇ ئاغزىغا يۇگەن سالالايدۇ.)

ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەل دەرىجىدە پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئىلمىي ئاساستا سىستېمىلاشقان تىل. مەيلى تۇرمۇش ئىستېمالىدا بولسۇن ياكى دىنىي ۋە ياكى ئىلىم ـ پەن، پەلسەپىۋى ـ ئەدەبىي جەھەتتىكى ئىستېمالدا بولسۇن، ياكى ھۈنەر ـ سەنئەت، تېخنىكا جەھەتتىكى ئىستېمالدا بولسۇن ئۇ ھېچقاچان ئەمەلىي ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالغان ئەمەس. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ھەر قانداق بىر مەنىنى ئىپادىلەشتە شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە باشقا تىللاردىن ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەم توغرا ئۇقۇملارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ نۇقتىدا ھېچقاچان بىخەستىلىك ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قىلمىغان. باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىش، يەنى پەرەز بويىچە ئىزاھلاش، نامۇۋاپىق قوللىنىش، بۇزۇپ ئىستېمال قىلىش ۋە خاتا تەدبىقلاشتەك ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چەكلەشتە چىڭ تۇرغانىدى.

ئەپسۇسكى ھازىرقى ۋاقىتتا بىزدە تىل ئىستېمالىدا بەزى مەسىلىلەر، بەلكى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋال جانلىق تىلىمىزدىلا ئەمەس، گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلاردا، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئەدەبىي تىل ـ يېزىق ساھەلىرىدىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەزى يازغۇچى، شائىرلار ۋە تەرجىمانلار ئۆز ئەسەرلىرىدە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى بۇزۇپ ئىشلىتىدۇ ياكى نامۇۋاپىق قوللىنىدۇ ياكى بولمىسا ئۆزى خالىغانچە ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە بېسىلغان مۇنۇ جۈملىگە دىققەت قىلايلى: «نۇشىرىۋان ئادىل ئۆزىنىڭ شاھلىق دۆلەت تەختىراۋانىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئوردا مۇنەججىملىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئەقىل كۆرسىتىشكە ئۈيۈشتۈرۈپتۇ...»

بۇ جۈملىدىكى «شاھلىق دۆلەت تەختىراۋانى» دېگەن ئۈچ سۆزنىڭ ئاخىرقى «تەختىراۋان» دېگەن سۆزنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، «تەخت» دېگەن سۆز ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك. «تەختىراۋان» دېگەن سۆز ـ «ھەرىكەتلىنىپ، يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ياكى ماڭىدىغان تەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شاھلىق دۆلەت تەختىراۋانىنى مۇستەھكەملەش» دېگەن بۇ سۆزدىن پادىشاھ ئوردا سىرتىغا چىققاندا ئولتۇرىدىغان تەختىراۋانىنى مۇستەھكەملەش، دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ جۈملە مەنتىقىگە خىلاپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، ئاڭلىغۇچىدا باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئەسلىدە ئاپتور «شاھلىق تەختىنى مۇستەھكەملەش» يەنى دۆلەتنى قۇدرەت

تاپقۇزۇش دېمەكچى. ئەمما ئۆزىگە نىسبەتەن مەنىسى ئېنىق بولمىغان سۆزنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك «كېلىشمەسلىك» يۈز بەرگەن.

«پاساھەت» دېگەن سۆز، «سۆز گۈزەللىكى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، نوتۇق جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنى بىلدۈرىدۇ. ناتىقلىقتا يېتىلگەن ئادەم «فەسىھ» دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن «پاساھەتلىك زېمىن» دېگەن سۆز (تېلېۋىزىيە ماقالىسىدا) تولىمۇ بىمەنە ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان سۆپەتلەشتۇر. چۈنكى زېمىننىڭ سۆز قىلغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ناھايىتى گۈزەل تىل بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىگەنلىكىنى ھازىرغىچە ھېچكىم ئاڭلىغان ئەمەس.

«ساھىبخان»: بۇ «ساھىب» ۋە «خان» (خۇان) دېگەن ئەرەبچە ـ پارسچە ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ، «ساھىب» «خوجا، ئىگە...» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «خان»، بولسا پارسچە «تاماق شىرەسى»، «يېمەكلىك تىزىلغان ئۈستەل» ياكى «زىياپەت غىزاسى»، «غىزا ـ تاماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك «ساھىبخان» دېگەن سۆز «زىياپەتنىڭ ئىگىسى»، «غىزا ـ تاماقلارنىڭ ئىگىسى» ياكى «زىياپەت بەرگۈچى» دېگەن مەنىلەردە كېلىپ بىۋاستە ھالدا ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ سۆز ھازىر كۆپ ھاللاردا «ساھىبخانا» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. «ساھىب» ئۆز مەنىسى بىلەن ئىزاھلانسىمۇ، لېكىن «خان» سۆزى «ئۆي، بۆلمە» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «خانا» (توغرىسى «خانە») دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇلۇپ، «ئۆي ئىگىسى» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى «خان» (خۇان) نىڭ ئۆي بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. يەنە كېلىپ مۇجمەل بولۇۋاتقان يېرى، «ساھىبخانا دۆلەت» (رادىئو، تېلېۋىزىيەلەردە)، «ساھىبخانا بىناسى» (تېلېۋىزىيە تىياتىر فىلىملىرىدە) دېگەندەك سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ، ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئەگەر «ساھىبخان» ئەمەس، «ساھىبخانا» بولسا، بۇ سۆز «ئۆي ئىگىسى» دەپ چۈشىنىلسە، ئۇ ھالدا «ئۆي ئىگىسى دۆلەت» (يەنى ساھىبخانا دۆلەت) دېگەن قانداق ۋە قەيەردىكى دۆلەت؟

ئاندا ـ ساندا ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىپ، چىرايىدىن كۈلكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ھالەتنى پەيدا قىلىدىغان «بىھۆرمەتسىزلىك»، «بىئىختىيارسىز» دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز. پەلسەپە تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ دەل «ئىنكارنى ئىنكار قىلىش» تۇر. چۈنكى بۇ سۆزلەردىكى «ھۆرمەت»، «ئىختىيار» دېگەن ئىبارىلەرنى ئېلىپ تاشلىغاندا، «بى» ۋە «سىز» دىن ئىبارەت ئوخشاش مەنىدىكى ئىككى ئىنكار قوشۇمچىسى قالىدۇ. «بىھۆرمەتسىز»، «بىئىختىيارسىز» خۇددى «ھۆرمەتسىز ئەمەس»، «ئىختىيارسىز ئەمەس» دېگەنلىكتىنلا ئىبارەت. سۆز ـ ئىبارىلەرنى بۇنداق ئۇسۇلدا «قىيناپ» قوللىنىش ھېچقانداق تىلدا بولمىسا كېرەك. بۇ پەقەت شۇ سۆزنى قىلغان ئادەمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى كۆرسىتىش بىلەنلا تۈگمەيدۇ.

دېمەك، نەشر بۇيۇملىرى ۋە تەشۋىقات ساھەلىرىدە كۆرۈلۈۋاتقان بۇ ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئازدۇر، كۆپتۇر كۆرۈلۈۋاتقان ئەھۋاللاردۇر. نەشرىيات ۋە تەشۋىقات بىر مىللەتنىڭ ساپاسىغا ۋە ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇشۇ «ئازدۇر، كۆپتۇر»، ئاللايارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، مىللەت ساپاسىغا چۈشكەن بىر نۇقتا (داغ) بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، ئۇ كېڭىيىپ «چوڭ داغ» قا ئايلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردىن يەنە ئادەم ئىسىملىرى مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بىزدە بەزىبىر ئىنتايىن سەلبىي مەنىدىكى ئىسىملارمۇ خېلى كۆپ، بۇنداق ئىسىملارنى كىملەرنىڭ بىزگە ھەدىيە قىلغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. بۇ ئىسىملاردىن ھېچقانداق ئېتىقاد ۋە ئىرىم جەھەتتىكى مەزمۇننىمۇ تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىلدىكى ئىسىملارنى بىر ـ بىرلەپ مىسالغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى بەزىلەر ئۆز ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەرەبچە ئىسىملارنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش بىزدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن زۆرۈر تېپىلغاندا بەزى ئىسىملارنىڭ ئەسلىدىكى توغرا تەلەپپۇزنى ۋە مەنىسىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بولسا ئەسلى تەلەپپۇزنى ۋە مەنىسىنى شۇ ئىسىمنى ئاشۇ ئادەمگە قويغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ ئىسمى ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. شۇنداقلا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىسىم، مۇئەييەن ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئىسىم ئارقىلىق تونۇيدۇ. شۇ سەۋەبلەردىن ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇشتا ئۇنىڭ شەكلىگىلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇنىغا بەكرەك ئەھمىيەت بىلەن قاراپ كەلگەن. گەرچە «ئاسىيە» (گۇناھكار ئايال)، «سۇپۇرگە»، «چاۋار» دېگەندەك سەلبىي مەنىلىك ئىسىملار بار بولسىمۇ، بۇنداق ئىسىملار پەقەت مەلۇم ئېتىقاد سەۋەبىدىن ھەم ئىرىم ئۈچۈن قوللىنىلغان. لېكىن مەيلى ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملار بولسۇن ياكى ئۇيغۇرچە

# توپان بالاسى

فرانسىيە، نورۋېگىيە ئالىملىرى يېقىندا تۈركىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى مارمارا دېڭىزى «نوھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى» توغرىسىدىكى (توپان بالاسى) ھېكايە سادىر بولغان جاي ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

مارمارا دېڭىزى ئەسلىدە بىر چوڭ جىلغا بولۇپ، تەخمىنەن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ سۈيى بۇ جىلغىنى باسقان ۋە بوسپوروس بوغۇزى ئارقىلىق قارا دېڭىزغا قۇيۇلۇش جەريانىدا «توپان بالاسى» يۈز بەرگەن. تۈركىيە «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە مارمارا دېڭىزى ئاستىدا 1999 - يىلى 8 - ئايلاردا ۋە 11 - ئايلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى قېتىم زور يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن فرانسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى مارمارا دېڭىزىنىڭ يەر قاتلىمىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، مارمارا دېڭىز ئاستىنىڭ چوڭ جىلغا ئىكەنلىكىنى بايقىغان. جىلغا ئاستىدا بىر نەچچە يەردە توسمىغا ئوخشايدىغان دۆۋىلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ دۆۋىلەردە زامانلاردىكى كۆلنىڭ يالىغان ئىزلىرى بارلىقىنى بايقىغان. ئالىملار يەنە مارمارا دېڭىزىدىن بوسپوروس بوغۇزىغىچە بولغان دېڭىز تەكتىنىڭ ئەتراپىدا تاش - قۇملاردىن دۆۋىلەنگەن توسمىغا ئوخشاش ئىزلارنى بايقىغان.

2000 - يىل 9 - ئايدا ئامېرىكا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىمۇ تۈركىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قارا دېڭىزنىڭ 300 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدا 7500 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىزنالىرىنى يەنى ياغاچتا ياسالغان قۇرۇلۇش، ياغاچ تۈۋرۈك، تاش قوراللار ۋە تاتلىق سۇ قۇلۇلە قېپى قاتارلىقلارنى بايقىدى، بۇلار قارا دېڭىزنىڭ ئەسلىدە بىر تاتلىق سۇ كۆلى ئىكەنلىكىنى، كېيىن كەلكۈندە غەرق بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«ئىنجىل» دا نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توپان بالاسىدىن كېيىن ئارارات تېغىدا (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يەنى ئەرمىنىيىگە تۇتىشىدىغان قىسمىدا) توختىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، (خەنزۇچە)، 2000 - يىل 18 - دېكابىر سانى.

**مۇختار مۇھەممەت (ت)**

---

ئىسىملار بولسۇن، ئومۇمەن ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىلمىيلىقتا ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلارغا ئىگە.

ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدىمۇ تارىخىي ئەسەرلەردىن ئۆرنەك قىلغۇدەك دانا ۋە ئىلمىي پىكىرلەرنى تېپىش مۇمكىن. مىسال ئۈچۈن يەنىلا مىرزا بابۇرنىڭ ئوغلىغا يازغان خېتىنى كۆرۈپ بېقىشقا بولىدۇ.

«شۈكۈر، ھەق (تەئالا) ساڭا پەرزەنت ۋە ماڭا دىلبەند بېرىپتۇ. تەڭرى تەئالا ساڭا ۋە ماڭا بۇنداق خۇشاللىقلارنى داۋاملىق بەرسۇن، ئامىن، يا رەببىئالەمىن. ئىسمىنى ‹ئەلئەمان› قويۇپسەن. تەڭرى مۇبارەك قىلسۇن ... شۇنى ئېسىڭگە ئالماپسەنكى، بۇ ئىسىم تولاراق قوللىنىلغاندا باشقىلار ئۇنى «ئالامان» ياكى «ئەل ئامان» دەۋېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەلفلام (ا،ل) ھەرپى ئىسىملاردا تولا بولمايدۇ...»

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، تولا ھاللاردا ئادەمنىڭ ئىسمى ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئىسىم تاللاشتا ئەتئەنىۋى ئادەتلەرگە ئەمەل قىلغىنىمىز، مودا قوغلىشىپ خالىغانچە ئىسىم تاللاپ، خالىغانچە بۇزۇپ - بۇرمىلاپ قوللانمىغىنىمىز ياخشى.

ئىسىم - مەيلى ئۇ ئادەم ئىسمى ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ نامى بولسۇن، مىللەتنىڭ بايلىقى بولغان تىلنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم ناھايىتى ئاددىي مەسىلىلەر، يەنە كېلىپ مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان زىيالىيلىرىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللاردۇر. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا، باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا ئورۇن قالامدۇ؟

ئەڭ يارىماس ئادەملەر - ئۇقۇمۇشلۇق تۇرۇپمۇ ئەزمىلىك قىلغۇچىلاردۇر.

تىل بايلىقى سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە، خاسىيەتلىك بايلىقتۇر. ئۇ كەلسە - كەلمەس بۇزۇشقا بولمايدىغان، بەلكى ئېھتىيات بىلەن قوغدىلىدىغان ئاجايىپ خەزىنىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا يەتكەن ئاز - تولا نۇقسان ئاقىۋەتتە زور زىيانلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى تۆۋەنلىتىپ، كرىزىس پەيدا قىلىشى، پۈت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاخىرى شاللىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئانا تىلىمىزغا ئىلمىي ئاساستا مۇئامىلە قىلىش، سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىش.

مۇھەررىرى: **ياسىن زىلال**

# ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا قاغا قېقىمچى ئىكەن، قۇشقاچ چېقىمچى ئىكەن، قىرغاۋۇل قىزىل ئىكەن، قۇيرۇقى ئۇزۇن ئىكەن، يولۋاس سوراقچى ئىكەن، بۆرە قاراقچى ئىكەن، تۈلكە يالاقچى ئىكەن، تېرىق تولۇمدا ئىكەن، يېتىم بۇلۇڭدا ئىكەن.

ئەنە شۇنداق زاماندا، زۇلمەت باسقان جاھاندا، شەھەرنىڭ تېشىدا، تاغنىڭ قېشىدا، سۇنىڭ بېشىدا ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ناھايىتى ئىشچان، ئەمگەكتە پىشقان، ھەرىكەتتە چاققان، بەرىكەتنى تاپقان ۋاسلاخۇن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. بىراق بۇ كىشى بالا - چاقىسىز، يالغۇز ئىكەن.

ۋاسلاخۇن ئاتىسىدىن قالغان بىر - ئىككى چارەكلىك يېرىگە تايىنىپ دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇشنى قامدايدىكەن، ئۆزى ئەقىللىق، سۆزى يېقىملىق بولغاچقا يۇرت ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە ئىگە ئىكەن. ئۇ تاڭ سەھەردىن باشلاپ، كەچكىچە ئېتىزدا ھېرىپ - ئېچىپ ئىشلەپ ئاران قايتىپ كېلىپ، ئۆيىدىمۇ ئارام ئالاي دېمەي بېغىدىكى مېۋىلىرىنىڭ ئاستىنى ئوتاپ، ياۋا شاخلىرىنى پۇتاپ، ئېرىقلىرىنى چېپىپ، ئوغۇتلىرىنى چېچىپ، سۇيىنى ۋاقتىدا ئېچىپ ياخشى پەرۋىش قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ بېغىدىكى مېۋىلەر بولۇق، شاخلىرىدا تولۇق، پىشقاندا شېرىن ۋە سۇلۇق بولىدىكەن. مۇنداق ھوسۇللۇق باراقسان باغنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەر يەردە ماختاپ، سورۇنلاردا داڭلاپ، ۋاسلاخۇننىڭ ئىشچانلىقىنى، مېۋىسىنىڭ لەززەتلىك پىشقانلىقىنى تەرىپلەپ بېرىشىدىكەن. بىراق شەھەرنىڭ سەللىلىرى قازاندەك، قورساقلىرى باداڭدەك، گەپ - سۆزلىرى چاياندەك، بۇرۇتلىرى بېدىدەك، ساقاللىرى سېدىدەك بايلىرى ئۇنى قانداق قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشىپ يۈرۈشىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ۋاسلاخۇننىڭ بېغىغا ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆز قىرىنى سېلىپ، تامىقىنى قىرىپ يۈرگەن ئوسمان جاللات دېگەن ئەمەلدار ئۆزىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى باشلاپ، چوڭ قەدەمنى تاشلاپ، ۋاسلاخۇننىڭ ئىشىكىگە كېلىپ:

— ۋاسىل! — دەپ چاقىرغانىكەن. ۋاسلاخۇن باينىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— خىزمەتلىرىدە بولاي باي ئاكا! — دەپتۇ.

ئوسمان جاللات ۋاسلاخۇنغا ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، قامچىسىنى تەڭلەپ:

— ماڭا سېنىڭ خىزمەت - پىزمەتلىرىڭنىڭ كېرىكى يوق، ھاڭۋاقتىدەك قارىماي، قورۇق گەپنى قىلىپ ۋايسىماي، ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ماڭا قالدۇرغان باغنى قايتۇرغىن! — دەپ ۋارقىراپ، ئۆكتەملىك قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇشتۇمتۇت كېلىپ، مۇتەھەملىك قىلىپ جۆيلۈۋاتقان بۇ جاللاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋاسلاخۇننىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، بېشى گاڭگىراپ، ئۆزى ئالدىراپ قاپتۇ — دە:

— جانابلىرى قايسى باغنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىلىكىن، ھېچ بىلەلمىدىم، مەقسەتلىرىنى ئۇقالمىدىم، — دەپتۇ.

چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان باي:

— ھوي ھارامزادە تۈلكە، سەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مېنىڭ، دەپ كېلىۋاتقان، خالىغىنىڭچە تېرىۋاتقان، ھوسۇلىنى ئېلىۋاتقان، مەيلىڭچە سېتىۋاتقان مېۋىلىرىنى ئىرغىتىپ تاغار - تاغار قۇرۇتۇپ يەۋاتقان، جېنىڭغا جان، تېنىڭگە دەرمان قوشۇۋاتقان باغنىڭ كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئۆزۈڭنى بىلمەسكە سالما، ئاخىرىدا پۇشايمانغا قالما، شەرئىيەتكە بارغاندا ھەقىقەتتىن تانما! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوسمان جاللاتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ۋاسلاخۇننىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ، ئەقلى - ھوشى قېچىپتۇ، رەڭگىرويى ئۆچۈپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، باينىڭ ئالدىغا بىر قەدەم ئۆتۈپ:

— ھاجىم، بۇ يېزىدا ياۋاش دەپ نامىم بار، ئۆزۈمگە لايىق دەردىم بار. دەردلىرىمنى ئاشۇرمىسلا، ياقا

يۇرتقا قاچۇرمىسلا. سىلىنىڭ باغلىرىغا بېقىنىپ جان باقىدىغان ئابدال ئەمەسمەن، يەر ـ سۇلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدىغان رەممال ئەمەسمەن. ئۇقتۇرۇپ دېسىلە مەقسەتلىرىنى، قىلىمەن سىلىنىڭ ئىززەتلىرىنى، كۆتۈرەلمەيمەن تۆھمەتلىرىنى، مەنمۇ بىر ئادەممەن، كىچىككە كىچىكمەن، چوڭغا چوڭ، تەتۈرگە تەتۈر، ئوڭغا ئوڭمەن، ياۋاشنى ئۇرۇپ سوقمايمەن، يامانىدىن قورقمايمەن، باشقا ئىشنى ئۇقمايمەن، — دەپتۇ.

ۋاسىلاخۇنغا تۇشۇكتەك قاراپ، مۆشۈكتەك ماراپ تۇرغان ئوسمان جاللاتنىڭ ئەمەت دېگەن غالچىسى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ:

— ھەي مۇتەھەم، قارا يۈز ئۆكتەم! نېمىشقا ھۆرمەت قىلمايسەن ھاجىم داداڭنى؟ ھېلى تارتىسەن جاجاڭنى، بېشىڭغا ئەجەل قۇشىنى قوندۇرىمەن، ئابرۇيۇڭنى سۇندۇرىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھېچ كىشىنىڭ مەندە سۇنۇق پۇلى يوق، ئىشكىمگە دۈمبىلەپ كېلىدىغان يولى يوق، بۇنداق يولسىز ھاقارەت، ئۇرۇش ـ جېدەلدىن بېشارەت قىلماي گەپلىرىڭنى ئوچۇق سۆزلە. ئەگەر كۆرسەتسەڭ كارامىتىڭنى، ئۆز بېشىمغا ئالاي مالامىتىڭنى! — دەپتۇ ۋاسىلاخۇن.

ۋاسىلاخۇننىڭ بۇنداق مەردانە جاۋابىنى ئاڭلىغان ھېلىقى يالاقچى ئاغزىنى ئېچىپ، زەھرىنى چېچىپ:

— ھوي مۆرىمەس ئىپلاس، بۇ گەپلىرىڭ كىمگە خاس؟ ھېلى بىر سىقسام كېلىڭدىن، ئايرىلىسەن جېنىڭدىن. تاراقشىتماي دېپىڭنى، يىغىشتۇرغىن گېپىڭنى! — دەپتۇ ـ دە، ۋاسىلاخۇنغا بىر قامچا ساپتۇ. ۋاسىلاخۇن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. ئەمەت غالچا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ بىر تېرەككە ئۇسۇپتۇ، باش ـ كۆزلىرى ئىششىپتۇ. ئەتراپقا توپلانغان كىشىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ تېلىققىچە كۈلۈپتۇ.

خەلق ئالدىدا يۈزى تۆكۈلگەن ئەمەت غالچىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپتۇ، ۋاسىلاخۇنغا سالجىدەك چاپلىشىپتۇ. چاپىنىنى سېلىپ، توقۇمىنى قارنىغا ئاپتۇ.

ۋاسىلاخۇننىڭ ئوغىسى قايناپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ چايناپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقناپ، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان غالچىنى بىر مۇشت بىلەن تىك چۈشۈرۈپتۇ...

ئوسمان جاللاتنىڭ ئادەملىرى ئەسكى تامغا جىن ئولاشقاندەك يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. ۋاسىلاخۇننى ئارىغا ئاپتۇ. توپلانغان كىشلەرمۇ قاراپ تۇرماپتۇ. ئىككى تەرەپ بولۇپ «ئۇر ـ چاپ!» باشلىنىپتۇ. ئاخىر خەلق غالىب كېلىپ ئوسمان جاللات قېچىپتۇ. شەرىئەتكە بېرىپ قازىغا دەردىنى ئېيتىپتۇ.

«زامانە زورنىڭ» ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاسىلاخۇن ئوسمان جاللاتنىڭ ئارامىلىق بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ سۆيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىلىپ، خىلۋەت بىر تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن يىللار ئەمگەك قىلىپ يېتىشتۈرگەن باغ ئوسمان جاللاتقا قاپتۇ.

ۋاسىلاخۇن بىر مەزگىل تاغدىكى ياۋا مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ جان ساقلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر جىرانىڭ ئىچىدە، ئېقىن سۇنىڭ لېۋىدە تۇپتۇز كەگرى كەتكەن بىر پارچە يەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا: «بۇ يەرنى ئېچىپ، راسا ئىشلەپ تېرىپ، ھوسۇل ئالسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. تەر ئاققۇزۇپ تىرىشىپتۇ. ئاخىر يىگىرمە چارەك ئۇرۇق يەتكۈدەك يەرنى ئېچىپ، ئېرىق ئېلىپ، قىرىنى سېلىپ، ئوسا قىلىپ چاناپتۇ، ئۇرۇق سېلىپ تېرىپتۇ...

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ۋاسىلاخۇن ئاچقان بۇ يەرنىڭ ئەتراپى تاغ، ئوتتۇرىسى باغ بولۇپ، كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئاجايىپ باراقسانلىققا ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوسمان جاللات ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، بۇ مۇنبەت يەرنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، كۆزى قىزىرىپتۇ. ھەسەتخورلىقى تۇتۇپ، بۇ يەرنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ۋاسىلاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي نەدىن كەلگەن سولتەكسەن؟ بۇ يەرنى تېرىشقا ساڭا كىم ئىجازەت بەردى؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئوسمان جاللات ۋاسىلاخۇننى تونۇماپتۇ.

— تەقسىر، بۇ يەرنى مەن ھالال تەر ئاققۇزۇپ، ئەمگەك قىلىپ ئاچقان، — دەپتۇ ۋاسىلاخۇن.

— تولا كاپشىماي يوقال بۇ يەردىن، بۇنداق گۈزەل جەننەت بولاتتى بىر كىشى تۆككەن تەردىن! ھالال ئەمگەك دېگەن نېمە ئۇ؟ بۇ يەر ئەسلى مېنىڭغۇ؟ — دەپتۇ ئوسمان جاللات ھۆرپىيىپ.

ۋاسىلاخۇن ئەجەپلىنىپ، يالۋۇرۇپ ۋە غەزەپلىنىپ ھېچ نەتىجە چىقىرالماپتۇ. ئاچ كۆز جاللات بېشەملىك

بىلەن «مېنىڭ يېرىم» دەۋېرىپتۇ. دەر غەزەپ بولغان ۋاسلاخۇن يول بويى جاللات بىلەن تەگىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. تەمەخور قازى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە:

— بۇگۈن مېنىڭ ۋاقتىم يوق، ئۆگۈنلۈككە كېلىڭلار، شەرىئەتنىڭ هۆكۈمىنى كۈتۈڭلار! — دەپتۇ.

ۋاسلاخۇن ئۇسمان باي بۇ يەرنى مېنىڭ دەپ ئېغىز ئاچالمايدۇ، قازىمۇ ئۇنىڭغا يان باسالمايدۇ، دەپ ئويلاپ ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ كەلمەكچى بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن هېلىگەر جاللات شۇ ئاخشىمى قازىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن قازىنىڭ ئاغزىنى مايلاپتۇ. ئۇ قازىغا:

— جانابى قازى ئاخۇنۇم، سىلىنىڭ بولسۇن بارى يوقۇم، بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ يەرنى ماڭا ئېلىپ بەرسىلە، داغدا قالسۇن ئۇ تومپاي، سىلىنى رازى قىلغىنىمنى ئاندىن كۆرسىلە، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسەم، شەرىئەتنى قانداق باشقۇرىمەن؟! — دەپتۇ قازى.

باي كەتكەندىن كېيىن قازى ئويلىنىپ، ئاخىر ناهايىتى شەرمەندە بىر هېيلىنى تېپىپ، خۇشاللىقىدا كۈلۈپ، گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇن ياشلاردىكى قىزىنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— قىزىم، مەن ئەتە جىرانىڭ ئىچىدىكى ئېتىزلىققا بېرىپ، بىر ئۆڭكۈر قېزىپ، ئۆگۈنلۈككە سېنى شۇ ئورىغا سېلىپ، ئۈستىنى شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىپ، نېپىز توپا بىلەن كۆمۈپ قويىمەن، سەن بىردەم چىداپ ياتقىن، قۇلىقىڭنى يول تەرەپكە ياققىن. مەن ئىككى دەۋاگەرنى باشلاپ بېرىپ سەن كۆمۈلگەن جايغا كېلىپ «بۇ يەر كىمنىڭ» دەپ ۋارقىرايمەن. ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرىغاندا، «باينىڭ» دەپ جاۋاب بەرگىن، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتىدۇ، ئۇلار كېتىدۇ. مەن سېنى ئورىدىن چىقىرىۋالىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ قىزىم!

شۇنداق قىلىپ قازى قىزىنى ئورىغا مۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ. دەۋاگەرلەر يېتىپ كەپتۇ. قازى مۇنداق دەپتۇ:

— هەر ئىككىڭلارنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق، غەيرىي گەپكە ئورۇن يوق. شۇڭا بۇ دەۋانى سوراش ناهايىتى قىيىن، پۇختا ئىشلەنمىسە كېيىن ناهەقچىلىك چىقىدۇ. شۇڭا هەممىمىز ئېتىز بېشىغا بارايلى. شۇ يەرگە بېرىپ بىر گەپ قىلايلى. «مەن بۇ يەر كىمنىڭ» دەپ ۋارقىراپ، يەر ئىگىسىنى چاقىراي، يەردىن جەزمەن زۇۋان كېلىدۇ، يەر ئىگىسىنى بىلىدۇ. جاۋابتا كىمنىڭ ئىسمى ئاتالسا، يەر شۇنىڭ دەپ قارالسا!

— بولىدۇ قازى، مەن بۇ گەپلەرگە رازى، — دەپتۇ ئۇسمان جاللات. ۋاسلاخۇن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر پەس ئويلىنىپ قاپتۇ، ئەتراپقا نەزەر ساپتۇ ۋە: «يەردىن قانداقمۇ جاۋاب كېلەر، هەقىقەتنى بىلەرمۇ؟» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئېتىز بېشىغا كېلىپتۇ. قازى ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ بىرنىمىلەرنى ئوقۇپ:

— ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا، ئۆزۈڭ جاۋاب بەرگەيسەن، مۇشۇ ئېتىز زادى كىمنىڭ، ئېنىق بىرگەپ دېگەيسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. قانداق جاۋاب كېلەركىن دەپ باينىڭ كۆزى پارقىراپتۇ. لېكىن يەردىن جاۋاب بولماپتۇ.

قازى ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئۈچىنچى قېتىم ئۈنلۈك ۋارقىرىغاندا يەر ئاستىدىن «باينىڭ» دېگەن ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ جاۋاب بايغا ياراپتۇ ۋە ۋاسلاخۇنغا قاراپتۇ. ۋاسلاخۇن هەيران بولۇپ غەزەپلىنىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قازى:

— ئىشەنمىسەڭلار، يەنە بىر قېتىم سوراپ باقاي، ـ دەپتۇ — دە، ۋارقىراپتۇ. يەر تېگىدىن يەنىلا «باينىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— بۇنداق رەزىل هېيلىگە ئىشەنمەيمەن، قۇدرەت ئىلاهىنى چۈشەنمەيمەن. مەقسىتىڭلار يەرنى تارتىۋېلىش، — دەپتۇ ۋاسلاخۇن غەزەپلىنىپ.

ئۇسمان جاللات قازىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. هەميانىنى لىق ئالتۇنغا تولدۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا قارا بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ كۈچلۈك بوران چىقىپتۇ. قازى بىلەن ئۇسمان جاللاتنىڭ هېيلە ئىشلىتىپ ۋاسلاخۇننى بوزەك قىلغانلىقىغا تاغ ـ تاشلارنىڭمۇ غەزىپى كېلىپ دەهشەتلىك گۈلدۈرلەپتۇ. چاقماق چېقىپ يەر ـ جاهان لەرزىگە كەپتۇ. قەهرلىك بوران باي بىلەن قازىنى ئۇچۇرۇپ تاغ ـ داۋانلاردىن ئاشۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. قازىنىڭ قىزى بولسا، ئورەكتىن چىقالماي، سۇغۇرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. هازىرقى سۇغۇرلار ئەسلىدە قازىنىڭ قىزى ئىمىش. ئۇنىڭ هېلىمۇ ئۇۋىسىدىن چىقىپ: «قى ـ قاق!» قىلىپ چىرقىرىغىنى «باينىڭ، باينىڭ!» دېگىنى ئىمىش.

توپلىغۇچى: رەيهانگۈل ئىمىن
مۇهەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# موللا نورۇز لەتىپىلىرى

شۈكۈر يالقىن

1

موللا نورۇزدىن كىشىلەر سورىشىپتۇ:

— شېئىر يازغاندا ناھايىتى تەسىرلىك چىقىرىش ئۈچۈن قانداق سۆزنى كۆپ ئىشلىتىش كېرەك؟

— «ئىھ» دېگەن سۆزنى.

— شۇنىڭدىمۇ تەسىرلىك چىقمىسىچۇ؟

— مىسرا ئارىلىقىغا، بولۇپمۇ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسىنى ئايىماي قويۇش كېرەك،— دەپتۇ موللا نورۇز.

2

موللا نورۇزنىڭ يېشى يەتمىشكە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ يېشى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىكەن. شۇنىڭغا قارىماي دوستىنىڭ ياشلىقتىن خېلى تەمەسى بار ئىكەن.

بىر تويدا مېھمانلاردىن بىرسى غەرەزسىز ھالدا ھېلىقى كىشىدىن ھال سوراپتۇ:

— ياشتا چوڭ بولۇپ قالدىلا، ئۆيلىرى يىراقراق، يولدا قىينالماي كەلدىلىمۇ؟

— نىمە دەۋاتىلا؟ ئىڭغزلىرنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسىلا، تويغا كېلىشلا ئەمەس، يەنە يىگىت قولداش بولۇشقىمۇ يارايمەن،— دەپتۇ ھېلىقى كىشى ناھايىتى ئاچچىقلاپ.

— راست،— دەپ سۆزگە ئارىلىشىپتۇ موللا نورۇز، — سىلى چوقۇم يىگىت قولداش بولىدىلا، ئەگەر مەن ئىزىپ يەتمىش يېشىمدا ئۆيلىنىپ قالسام...

3

موللا نورۇزنىڭ يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان بىر ئاغىنىسى بولۇپ، ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ يېشىنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى «ياش ئوغرىسى» موللا نورۇز بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ:

— موللا نورۇزكا، پېقىرمۇ ئەللىك ياشقا بېرىپ قالدىم. قېرىپ قالدۇق، ئانچە ـ مۇنچە ئىزدىشىپ تۇرايلى،— دەپتۇ.

— ھوي،— دەپ ھەيران بوپتۇ موللا نورۇز، — مەن سىلىنى كۆرمىگىلى خېلى بوپتۇ. ئاران ئەللىك ياشقا چۈشتىلىمۇ؟ مەن تېخى سىلىنى ئاللىبۇرۇن قىرىق ياشقا چۈشۈپ بولدى دەپتىمەن.

4

موللا نورۇز ئالدىراش بىر يەرگە كېتىۋاتسا، بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— ئۆلۈك قانداق بولىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئۆلۈك جانسىز بولىدۇ،— دەپتۇ موللا نورۇز.

— يەنە قانداق بولىدۇ؟

— يۈزى قانسىز بولىدۇ.

— ئۆزى جانسىز، يۈزى قانسىز بولسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۆلۈك بولىدۇ،— دەپتۇ موللا نورۇز.

— خۇش، ئۆلۈك بولسا قانداق بولىدۇ؟— دەپتۇ ھېلىقى كىشى يەنە.

— ھەي، مەن بەك ئالدىراۋاتىمەن، — دەپتۇ موللا نورۇز تېرىكىپ، — قېشىمدا ئۆلۈك يوق، شۇڭا ئېنىق بىر نىمە دېيەلمەيمەن. ئەگەر تىرىك قانداق بولىدۇ، دېسىڭىز سىزدەك رودىپاي بولىدۇ!

5

بىر كىشى موللا نورۇزدىن سوراپتۇ:

— مەنسەپدارلاردىن بىزگە نىمە تېگىدۇ؟

— يازدا ماشىنىسىنىڭ توزىنى تەگسە، كەچكۈزدە چاچراتقان پاتقىقى تېگىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا نورۇز.

6

بىرسى موللا نورۇزدىن:

— زادى ئاتا بىلەن مۇئەللىمنىڭ قەدرى ـ قىممىتى نەدە قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شائىرلارنىڭ شېئىرى بىلەن ئارتىسلارنىڭ ناخشىسىدا قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا نورۇز.

7

موللا نورۇز مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى

يىللىرىدا تۈرمىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، قوشنىسىنىڭ سەتەڭ ئايالى 48 لەرگە كىرىپ قالغانىكەن. موللا نورۇز 12 يىلدىن ئارتۇقراق تۈرمىدە يېتىپ قايتىپ چىققاندا، قوشنا ئايال يوقلاپ كىرىپتۇ ۋە:

— موللا نورۇزكا، ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز، بىز چوكان ۋاقتىمىزدا كىرىپ كېتىۋېدىلە، مانا ئەمدى بىز ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى كۆرەي دېگەندە قايتىپ چىقىپتىلا، ئۆمۈر نېمە دېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە؟ — دەپتۇ.

موللا نورۇز ئۇ ئايالنىڭ ئۇپا ـ ئەڭلىك بىلەنمۇ يېپىلمىغان قورۇق چىرايىغا قاراپ:

— راست دەيلا، بىز تۈرمىدە مۇددەتنى بىر ـ ئىككى يىل قىسقارتىش ئۈچۈن نەچچە يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىدىكەنمىز، سىلى ئۆيدە ئولتۇرۇپلا ئون نەچچە يىلنى بىر جۈملە سۆز بىلەنلا قىسقارتىۋېتىدىكەنلا، غەيرەتلىرىگە ئاپىرىن! — دەپتۇ.

8

ئايالنى تولا ماختايدىغان بىر كىشى موللا نورۇزغا دەپتۇ:

— بىزنىڭ خوتۇنزە ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان كارامەت ئەقىللىق ئايال ـ دە.

— مەسىلەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ موللا نورۇز.

— ئاسماندا بولۇت پەيدا بولسىلا، ئۇ بۈگۈن يامغۇر يا ياغىدۇ يا ياغمايدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا چىقىپ شۇ كۈنى يامغۇر يا ياغىدۇ، يا ياغمايدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— پاھ، قالتىسكەن، — دەپتۇ موللا نورۇز، — لېكىن بىزنىڭ خوتۇن ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىق، ئۇنىڭ ھامان بىرىنچى توغرا، ئىككىنچى گېپى خاتا چىقىدۇ. مەسىلەن، مەن ئاغرىپ قالسام، خوتۇنۇم مۇشۇ كېسەلدىن يا ساقىيىسىز، يا ئۆلىسىز، دەيدۇ، ئەجىلىم يېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم، خوتۇنۇمنىڭ بىرىنچى گېپى توغرا چىقىدۇ. ئەگەر ساقىيىپ قالسام، خوتۇننى سىزگە ئوخشاش ئورۇنسىز ماختاپ قويغىنىم ئۈچۈن نومۇستىن ئۆلۈپ كېتىمەن. دېمەك، خوتۇننىڭ ئىككىنچى گېپى خاتا چىقىدۇ، — دەپتۇ موللا نورۇز.

9

بىر بوۋاي داۋاملىق كېلىنى ئەتكەن تاماق بىلەن مەھەللىدىكى دوستلىرىنى مېھمان قىلىشقا ئامراقكەن.

بىر كۈنى كېلىنى شويلىنى ئىككى تاۋاققا ئۇسۇپ، بوۋاينىڭ مېھمانلىرىغا ئەمدى چىقىرىپ تۇرۇپتىكەن. ئاچ قورساق تۇرغان نەۋرىسىنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، كۆسەينى كۆتەرگىنىچە مېھمانلارنىڭ قېشىغا چىقىپ:

— قانداق ئىزا تارتمايدىغان ئادەملەر سىلەر، قېنى قايسى بىرىڭ شويلىغا قول سۇنىدىكەنسەن، بېشىڭنى يارىمەن، — دەپ كۆسەينى پۇلاڭلىتىپتۇ.

ئەمدىلا تاماق يېيىشكە تەمشەلگەن مېھمانلار دەرھال قولىنى تارتىۋاپتۇ. بۇ ئىشقا ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن بوۋاي قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپتۇ:

— بۇ ئەخمەقنىڭ گېپى بىلەن قايسىڭ تاماق يېمەيدىكەنسەن، بېشىڭنى يارىمەن، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

مېھمانلار تەڭلىكتە قېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ.

مېھمانلار ئارىسىدىكى موللا نورۇز:

— بولدىلا، — دەپتۇ، — شويلىنى يېسەكمۇ بېشىمىز يېرىلىدىكەن، يېمىسەكمۇ بېشىمىز يېرىلىدىكەن، ھەر ھالدا ئاچ قورساق يېرىلغىنىدىن توق قورساق يېرىلغىنى ئەۋزەل. قېنى ئەمىسە، مەن باشلىدىم. بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!! — دەپ قولىنى سۇنۇپتۇ.

باشمۇ يېرىلماپتۇ، شويلىمۇ تۈگەپتۇ.

10

بىرسى موللا نورۇزدىن سوراپتۇ:

— دوختۇرخانىغا كىرسەم، ئەمدىلا سۆز باشلىشىمغىلا دوختۇر قەلەمنى قولىغا ئېلىپ بىر نېمىلەرنى يېزىشقا باشلايدۇ، بۇ قانداق دوختۇرلار؟

— بۇ دوختۇرلارنىڭ بىر خىلى بىلىملىك، مول تەجرىبىلىك بولۇپ، كېسەلنىڭ دەسلەپكى سۆزىدىنلا مەسىلىنى ئېنىقلاپ دورا قەغىزى يازىدۇ. يەنە بىر خىلى ھېچنېمە بىلمىگەنلىكتىن، ئالدىراپلا بىر نېمىلەرنى يېزىشقا تۇتۇنىدۇ، — دەپتۇ موللا نورۇز.

11

ئادەتتىكى بىر كادىر مۇنداق دەپتۇ:

— يېقىنقىدىن ئىقتىسادچان بولۇڭلار، چەتنىڭ قىممەت باھالىق ماشىنىلىرىنى ئالماڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز يەنىلا ھەشەمەتلىك ماشىنىلارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئىقتىسادنى بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا قارىتا بىز تۆۋەندىكىلەر ھەر قانچە نارازى بولساقمۇ پىكرىمىز باشلىقلارغا زادىلا يەتمەيۋاتىدۇ.

بۇ سۆزگە موللا نورۇز مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇكام، سىزنىڭ پىكرىڭىز پىيادە ماڭىدۇ،

باشلىقلار ئالىي پىكاپتا ماڭىدۇ، قانداق قىلىپ پىكىر باشلىققا يېتەلسۇن!

## 12

موللا نورۇزنىڭ بىر ئاغىنىسى بولۇپ، ئۇ ھە دېسىلا نورۇز ئاخۇننى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى بىكار ئولتۇرۇشقا ئامراقكەن. موللا نورۇزنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىككىلەن پولۇ ئېتىپ يېمەكچى بولۇپتۇ. ئاغىنىسى كونا ئادىتى بويىچە:

— قېنى، نورۇز ئاخۇن، قازان – قومۇچلارنى يۇيۇۋېتىڭ، — دەپتىكەن، موللا نورۇز مىدىراپمۇ قويماي:

— ئۆزۈڭلا بىر ئىش قىلىڭلا، مەن ئۆمرۈمدە سوپۇنسىز كىر يۇيۇپ باقمىغان ، — دەپتۇ.

— ئەمىسە گۆشنى پارچىلاڭلا!

— مەن پىشقان گۆش بولمىسا، خام گۆشكە قول تەگكۈزەلمەيمەن.

— ئۇنداقتا پىياز ئاقلاڭلا!

— پىيازنى كۆرۈش بىلەنلا كۆزۈمدىن ياش توختىمايدۇ.

— بولمىسا سەۋزىنى قەلەم قىلىۋېتىڭلا!

— مەن ئەسلا سەۋزىنى قەلەمگە ئايلاندۇرۇشنى بىلمەيمەن.

— ئەمىسە ئوچاققا ئوت يېقىڭلا، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئوتتىن بەكمۇ قورقىمەن ئاغىنە، — دەپتۇ موللا نورۇز.

ئاغىنىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىپ تۈگىتىپ، تاۋاققا پولۇنى ئۇسۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ ـ دە، تەنە بىلەن:

— پولۇ يېيىشنىمۇ بىلمىدىغانلا؟ — دەپتۇ.

— ئەسلىدە پولۇ يېيىشنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ سىلىنىڭ كۆڭلۈڭلا ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ باقارمەن، — دەپلا ھەر كاپامغا ئىككى توغرامدىن گۆشنى قوشۇپ يېگىلى تۇرۇپتۇ، ناھايىتى نارازى بولغان ئاغىنىسى:

— بۇ قانداق يېيىش موللا ئاخۇن، — دەپتۇ.

— ھەرگىز ئەيىبكە بۇيرۇماڭلا، بۇمۇ پولۇ يېيىشنى بىلمىگەنلىكىمدىندۇر، — دەپتۇ موللا نورۇز.

## 13

بىرسى موللا نورۇزدىن سوراپتۇ:

— خۇدايىم ياخشى بەندىلىرىگە جەننەتتە ھۆر ـ پەرىلەرنى ئاتا قىلىدىكەن. ئەگەر خالىسا، شۇ كىشىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئايالىنى پەرىزاتتەك ياش قىزغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ قويىدىكەن. سىز شۇ چاغدا ھۆر ـ پەرىلەرگە تۇرامسىز ياكى ئۆز ئايالىڭىزغا تۇرامسىز؟

موللا نورۇز ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھۆر ـ پەرىلەرگە تۇرىمەن.

— نېمىشقا؟ ئۆز ئايالىڭىز ئوبدان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەتنىڭ گۈزەل باغلىرىدا بىللە سەيلە قىلسىڭىز، نېمە دېگەن راھەت ـ ھە!

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئايالىمنىڭ ھازىرقى خۇي ـ پەيلىگە قارىسام، ئۇنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرەلىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ، — دەپتۇ موللا نورۇز.

## 14

بىرسى موللا نورۇزنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— خوتۇنى ئۆلگەن ئەرلەر مازارغا بارغۇچە ئۆلگەن خوتۇننى ئويلاپ ماڭىدىكەنمىش، مازاردىن يانغۇچە ئالدىغان خوتۇننى ئويلاپ يانىدىكەنمىش، ئەگەر قازا يېتىپ ئايالىڭىز ئۆلۈپ كەتسە، سىز نېمىنى ئويلايتتىڭىز؟ ـ دەپتۇ.

— ئاداش، سىلىنىڭ خوتۇن ئۆلگەندە نېمىنى ئويلىساڭلا ـ ئويلاۋېرىڭلا، لېكىن خۇدايىم مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن! — دەپتۇ موللا نورۇز.

## 15

ئىجادىيەتكە يېڭىدىن كىرىشكەن بىر قەلەمكەش موللا نورۇزدىن سوراپتۇ:

— ئىجاد قىلىش ئەڭ تەس، قەلەم ھەققى ئەڭ پەس، ئەدەبىي ژانىر قايسى؟

— لەتىپە، — دەپتۇ موللا نورۇز.

— لەتىپىنىڭ قەلەم ھەققى نېمىشقا مۇنداق تۆۋەن بولىدۇ؟

— چۈنكى ئېگىزدە ئولتۇرىۋېلىپ قەلەم ھەققىنى بەلگىلەيدىغانلارنىڭ بىرسىمۇ ئۆمرىدە بىرەر پارچە لەتىپە ئىجاد قىلالىغان ئەمەس، ـ دەپتۇ موللا نورۇز.

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەتمىن**

# مۈشۈكنىڭ «ئىنساپ»قا كېلىشى

(مەسەل)

بىر مۈشۈك ئۆزىنىڭ قاراقچىلىقتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى چاشقانلار بىلەن ياراشماقچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

چاشقانلار خۇشال بولۇشۇپ، مۈشۈك ھەقىقەتەن ئىنساپقا كېلىپ قاپتۇ دەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارىدىغان بولۇشۇپتۇ.

چاشقانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر توكۇر قېرى چاشقان مۈشۈككە ئىشەنمەپتۇ ۋە چاشقانلارغا تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مۈشۈكنىڭ يېنىغا بارماڭلار، ئۇنىڭ ئىنساپقا كېلىشنى ئۇمىدمۇ قىلماڭلار، ئۇ سىلەرنى ئالداۋاتىدۇ!

ئەمما چاشقانلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماپتۇ ۋە مۇنداق دېيىشىپتۇ:

— ئۇ، قاراقچىلىقتىن ۋاز كەچكەنلىكى توغرىسىدا قەسەمياد قىلغان ئىكەن، قانداق قىلىپ بىزنى ئالدايدۇ!

شۇنىڭ بىلەن ھەممە چاشقانلار مۈشۈك بىلەن يارىشىشقا مېڭىپتۇ، يالغۇز قېرى ـ توكۇر چاشقانلا قاپتۇ.

مۈشۈك مېھمانلارنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئاخىرىدا ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، چاشقانلارغا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ئۇ، سۆزلەپتۇ، سۆزلەپتۇ، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ. چاشقانلار بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىشىپتۇ. مۈشۈك نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ، تۇيۇقسىزلا بىر چاشقانغا ۋارقىراپتۇ:

— ھوي ئەبلەخ، — سەنمۇ كېلىۋاپسەنغۇ، سەن مېنىڭ بوسۇغامدىن قانداق ئاتلاپ كىردىڭ؟ سەن مېنىڭ بالامنى يەپ كەتمىدىڭما!

— نېمە دەۋاتىسەن، نېمە بولدى ساڭا، مۈشۈكۈم! — يالۋۇرۇپتۇ چاشقان، — مەن قاچان سېنىڭ بالاڭنى يەپتىمەن؟ سېنىڭ بالاڭنى كۆرگۈنۈممۇ يوق؟

ئەمما، مۈشۈك زادى قۇلاق سالماي، چاشقاننى قوغلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ چاغدا ھەممە چاشقانلار بۇ بەختسىز چاشقان ئۈچۈن قايغۇرۇپ، مۈشۈكتىن بىچارە چاشقانغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ:

— ئۆتكەن ئىش ئۆتتى ـ ـ ى، ئۇنى ـ ـ ـ ـ ى سۈرۈشتۈرمەيلى، — دېيىشىپتۇ چاشقانلار، — ئەمدى سەن رەھىم ـ شەپقەتلىك مۈشۈك بولمىدىڭمۇ، كونا ئىنتىقامنى ئالمەن دېمىگىن!

— ھىم، سىلەر زادى شۇنداق! — ۋارقىراپتۇ مۈشۈك، — سىلەر بۇ ئەبلەخنى ھىمايە قىلىۋاتىسىلەر! بۇ، سىلەر ھەممىڭلار بىر دېگەن سۆز، ئەمدى سىلەرگە ئىچىمنى ئاغرىتىپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن قالمىدى!

شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك بىر ئېتىلىپ كېلىپ، ھەممە چاشقانلارنى بوغۇپ تاشلاپتۇ.

— مېنىڭ ھەق سۆزۈم يەنە ئىسپاتلاندى، — دەپتۇ توكۇر، قېرى چاشقان بىر ئاز ئويلىنىپ، — مۈشۈك بۇرۇنمۇ قاراقچى ئىدى، مۇندىن كېيىنمۇ يەنىلا قاراقچى!

تۈپلىغۇچى: **تاجىگۈل** (خوتەن قەدىمىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

△ بىر مۇخبىر پويىزدا ساياھەتكە چىقىپتۇ. تاماق ۋاقتى بولغاندا ئۇ پويىز تاماقخانىسىغا كىرىپ كۆزەينىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئەمما ئېلىپ كېلىشكە ئېرىنىپتۇ. مۇخبىر قورۇمىلار تىزىملىكىگە شۇنچە زەن سالسىمۇ كۆزى ئىجىر ـ مىجىر بولۇپ كۆرەلمەپتۇ. شۇڭا ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە:

— ئەپەندىم، خاپا بولماي بۇ قورۇمىلار تىزىملىكىنى ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

يېنىدىكى كىشى پەس ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ:

— خىجىلمەن ئەپەندىم، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ساۋاتسىز.

**مۇختار مۇھەممەد (ت)**

# يۇمۇرلار







## ئەخمەق

مەلۇم بىر كۈنى، بىر ئادەم ھايۋانات باغچىسىدا ئورانگۇتانغا سالام بەرسە، ئورانگۇتانمۇ سالام بېرىپتۇ. چاس بەرسە، ئورانگۇتانمۇ چاس بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم كۆزىنى قىسقان ئىكەن، ئورانگۇتان ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر نەرسىلەرنى ئېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ھېلىقى ئادەم مايمۇن باققۇچىدىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. مايمۇن باققۇچى:

— ئورانگۇتانلار ئارىسىدا كۆز قىسىش ئىشارىتى، «ئەخمەق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، — دەپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى يەنە ھايۋانات باغچىسىغا بېرىپ، ئورانگۇتانغا سالام بېرىپتۇ. ئورانگۇتانمۇ سالام بېرىپتۇ. چاس بەرسە، چاس بېرىپتۇ. ئارقىدىنلا ھېلىقى ئادەم كالتەكتىن بىرنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا قاتتىق - قاتتىق ئىككىنى ئۇرغان ئىكەن، ئورانگۇتان ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپتۇ.

## سەن مېنىڭ سوقۇر ئۈچىيىم

بىر كۈنى، بىر ئەر ئۆيىدە ئېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان بولۇپ، خوتۇنى بولسا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئىكەن. دەل شۇ چاغدا ئېكراندا بىر جۈپ ياش ئاشىق - مەشۇق پەيدا بولۇپ، يىگىت قىزغا:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى ئەزەلدىن ئۆزۈمنىڭ مۇھىم بىر ئەزايىمدەك بىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئېرىدىن:

— ھەي، سىزمۇ بۇرۇن مېنى مۇھىم بىر ئەزايىم، دەپ قارامتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

كىتاب كۆرۈشكە دەخلى قىلغان ئايالدىن بىزار بولغان ئەر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ.

— سىزدىن سوراۋاتىمەن، مەن بەدىنىڭىزنىڭ زادى قايسى قىسمى؟ — دەپ سوراپتۇ ئايالى تاقەت قىلالماي.

— سەن مېنىڭ سوقۇر ئۈچىيىم، — دەپتۇ ئەر خۇشياقمىغان ھالدا.

## خۇسۇسىي پاراڭ

تىياتىرخانىدا ئويۇن قويۇلۇۋاتاتتى، ئوتتۇرا ياشلىق بىرەيلەننىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بىرجۈپ ياش توختىماستىن پاراڭ سالغاچقا، ئۇ كىشى سەھنىدىكى بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئاڭلىيالماپتۇ.

— ھەي، مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم، — دەپتۇ ئوتتۇرا ياش ئادەم چىدىيالماي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ.

— بىز خۇسۇسىي پاراڭ قىلىۋاتىمىز، سەن ئاڭلىۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئۇلارمۇ خاپا بولۇپ.

## باغچىدا

بىر كۆز ئاخشىمى، 70 ياشتىن ئاشقان ئەر - خوتۇن ئانجۇلا بىلەن بىتتى باغچىدىكى ئورۇندۇقتا قول تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇپ مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى. بىتتى:

— مېنى سۆيەمسىز؟

ئانجۇلا:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن سېنى ئەلۋەتتە سۆيىمەن.

بىتتى:

— مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، قانداق بولۇپ قالارسىز؟

ئانجۇلا:

— ئېلىشىپ قالىمەن.

بىتتى:

— توي قىلارسىزمۇ؟

— ئېلىشىپ قالساممۇ ئۇ دەرىجىگە بارماسمەن، — دەپتۇ ئانجۇلا.

## ئەنقەد

مۇئەللىم: دۆك دۆك، سەن ھەر قېتىملىق تەنتەربىيە دەرىسىگە، مومام ئاغرىپ قالغان، دەپ قاتناشمايسەن، بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ موماممۇ «ئاغرىپ قالدىم» دەپ گوللامدىكىن، دەپ گۇمانلىنىمەن، — دەپتۇ دۆك - دۆك.

## خەت

ماۋماۋ بىر نىمىلەرنى يېزىۋاتاتتى، ئاپىسى ئۇنىڭدىن:

— نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— دوك - دوڭغا خەت يېزىۋاتىمەن ئاپا، — دەپتۇ ماۋماۋ.

— لېكىن، سەن خەت يازالمايدىغان تۇرساڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى يەنە.

— ھېچقىسى يوق ئاپا، ئۇمۇ بەربىر خەت تونۇمىغاندىكىن، — دەپتۇ ماۋماۋ.

**مۇختار تۇردى تەرجىمىسى**

* * *

— گېزىت كۆرۈڭلار، گېزىت! «چوڭ ئالدامچىلىق ۋەقەسى»، — دەپ ۋارقىرىدى گېزىت ساتقۇچى بالا، — گېزىت كۆرۈڭلار، 56 ئادەم ئالدام خالتىغا چۈشكەن!

بۇنى ئاڭلىغان بىر كىشى شۇئان توختاپ گېزىتتىن بىرنى سېتىۋالدى ھەم ئىتتىكلا بىرىنچى بەتكە قارىدى ۋە:

— ھەي، توختاپ تۇرۇڭا! بۇ تۈنۈگۈنكى گېزىت ئىكەنغۇ، بۇنىڭدا نەدىمۇ ئالدامچىلىق بولسۇن؟— دېدى.

گېزىت ساتقۇچى بالا پىسەنتمۇ قىلماي كېتىۋەردى:

— گېزىت كۆرۈڭلار، گېزىت، 57 ئادەم ئالدام خالتىغا چۈشكەن!

* * *

سەلى بىر ناتونۇش ئادەمگە مۇنداق دېدى.

— ۋىيەي، سىز مېنىڭ بەشىنچى ئېرىمگە بەكلا ئوخشايدىكەنسىز!

ناتونۇش ئادەم ھەيران بولۇپ:

— قانچە قېتىم توي قىلغاندىڭىز؟— دەپ سورىدى.

— تۆت قېتىم، — دەپ جاۋاب بەردى سەلى.

* * *

بىر يىگىت قىز دوستى بىلەن تاكاللىشىپ قالدى.

— بولدى، مەن بۈگۈن ھەممىنى ئاياغلاشتۇرىمەن، — يىگىت شۇنداق دېگىنىچە كۆۋرۈك رېشاتكىسىغا ياماشتى ۋە:

— مەن سۇغا سەكرەيمەن، مېنى ھېچكىم قۇتقۇزمىسۇن، - دەپلا سۇغا سەكرىدى.

بۇنى كۆرگەن بىر ئادەم ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالدى.

— مېنى ھېچكىم قۇتقۇزمىسۇن، دېگەنغۇ! — دەپ ۋارقىرىدى يىگىت.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ھېلىقى ئادەم، - پەقەت ماڭا نەدە ئىشلەيدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرسەڭلا بولدى.

* * *

بىر ئادەم تەڭرىگە خەت يازدى:

«ھۆرمەتلىك تەڭرىم:

مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلىشىپ قالدى. دوختۇرلار مېنىڭ پەقەت نەچچە ئاي ئۆمۈرۈم قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە سىزگىمۇ ئېنىقكى پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئازراقمۇ خۇۋلۇق كۆرمىدىم. ئەمما بېشىمغا قانداق كۈنلەر كېلىشىدىن قەتئىينەزەر سىزگە بولغان ئېتىقادىمنى يوقاتمىدىم. ساداقەتمەنلىكىمنىڭ ئىنئامى ئۈچۈن سىزدىن بىرلا نەرسە سورايمەن، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماڭا يۈز دوللار پۇل ئەۋەتكەن بولسىڭىز، ئۆلەممۇ ئارمىنىم يوقتى،

دەپ: پېقىر بەندەڭدىن».

بۇ خەت پوچتىخانىغا يېتىپ كەلگەندە، پوچتىخانىدىكىلەر خەتتىكى «جەننەتتىكى تەڭرىگە تەگسۇن» دېگەن ئادىرىسنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، ئۇلار ھەممىسى ئۇ ئادەمنى تونۇيتتى. ئۇلار خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى ۋە بىر دەمدىلا 90 دوللار يىغىش قىلىپ ئۇنىڭغا سېلىۋەتتى.

پۇلنى تاپشۇرۇۋالغان ھېلىقى ئادەم خۇشاللىقىدا تەڭرىگە رەھمەت خېتى يېزىۋەتتى. پوچتىخانىدىكىلەر ئېچىپ قارىسا، مۇنۇلار يېزىلغانىكەن:

«ھۆرمەتلىك تەڭرىم:

شۇنچە ئالدىراش ۋاقتىڭىزدىن ۋاقىت چىقىرىپ، مېنىڭ تەلىپىمنى قاندۇرغانلىقىڭىزغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن... مەن ھازىر تولىمۇ بەختلىك ئادەممەن.

ھۆرمەت بىلەن: پېقىر بەندەڭدىن.

(ھە راست، مەن يۈز دوللارنىڭ پەقەت 90 دوللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، قالغان ئون دوللارنى چوقۇم پوچتىخانىدىكى ئوغرىلار ئېلىۋالغان گەپ).»

**ئاقىل شەمشىدىن** تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

# مەرىپەت پېشىۋاسى — نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت



ئۆز زامانىسىدىكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ باشلامچىسى بولغان مەشھۇر ئەدىب، تارىخچى ھەم ئالىم نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) 1887 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستانغا قاراشلىق غالچات يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1952 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق جاغىستاي يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

نەزەر خوجىنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق ئوغلى ئەركىن نەزەر ۋە نەزەرخوجىنى بىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نەزەر خوجىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قەشقەر بەشكېرەمدىن بولۇپ، 1700 ـ يىللار ئەتراپىدا ئاپپاق خوجا سۈرگۈن قىلغان قارا تاغلىقلار قاتارىدا ئىلىغا چىقىپ ماكانلاشقانىكەن. 1860 ـ يىللىرى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرلار قاتارىدا نەزەر خوجىنىڭ دادىسى ئابدۇسەمەت يەتتەسۇ تەۋەسىدىكى غالجات يېزىسىغا بېرىپ ماكانلاشقان، بۇ يەردىكى موھەت تەسىرىدىن نەزەرخوجا رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرى رادلوف، مالوف قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتى يالقۇنجاشقا باشلىغان ھەم شۇ يىللىرى ئۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئوقۇپ، «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيگەن. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ خوجىلار پاراكەندىچىلىك سالغان دەۋرلەردىن باشلاپ، «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان. بۇ خىل ئېچىنىشلىق تارىختىن، يەنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى بىلمەسلىكىدىن ئىبارەت نادانلىقىدىن چۆچىگەن نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت 1911 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە پوبلىستىك ماقالىلارنى يېزىشقا باشلىغان، شۇڭا ئەينى چاغدا ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئۇنى ھۆرمەتلىشىپ «باشلامچى»، «باھار قارلىغىچى» دەپ ئاتاشقان.

ئۇ ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مائارىپقا دائىر «ئىلى ۋىلايىتى»، «ئىلىدا جۇڭغارلار دۆلىتىنىڭ تىكلىنىشى»، «غۇلجا سۇلتانلىقىنىڭ تىكلىنىشى»، «تارانچىلارنىڭ يەتتەسۇغا كۆچۈشى»، «بىزنىڭ تۇرمۇش»، «بۇغراخان»، «مىللىي تارىخقا دائىر تۇرلۇك مەسىلەر»، «يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە»، «قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشى ۋە كونا كىتابلار»، «ئۇچتۇرپان شەھرىدىن ئالتە مىڭ ئائىلىنىڭ غۇلجىغا كۆچۈرۈلۈشى»، «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «ئالتىشەھەرگە سەپەر» قاتارلىق ماقالىلارنى، «نوزۇگۇم» ناملىق پوۋېست، «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايە، «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخى» ناملىق ماقالىلار، «مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى»، «سال»، «سەھرا قىزىق»، «ئۈمىد»، «خانتەڭرى» قاتارلىق شېئىرلارنى، «ئالتىشەھەر، جۇڭغارىيە ۋە ئىنگىلىزلار»، «خوتۇن ـ قىزلار تەربىيىسى ھەققىدە»، «مەدەنىيەت ۋە مائارىپ» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر بالىسى» ئىمزاسىدىكى ئاتمىش نەچچە پارچە ئەسىرى ھازىر قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

1991 ـ يىلى ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەزەر خوجىنىڭ بەزى تاللانما ئەسەرلىرى «يورۇق ساھىللار» نامى بىلەن توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭ قەبرىسى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قەدىمى يېزىلارنىڭ بىرى بولغان جاغىستايدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىبلىسىگە توغرا كېلىدۇ.

باھاردىكى توغراق نىداسى (يەن شيەن فوتوسى)





